كارل ۋىتىر پەرزەنت تەربىيەسى جەۋھەرلىرى

The Education of Karl Witte

# بالىڭىزنى ئويۇن ئارقىلىق تەربىيەلەڭ

3



ئادەت تەربىيەسى
پەزىلەت تەربىيەسى


شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئانا تەربىيەسى بالا ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. تارىختىكى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ بالا تەربىيەلەشكە ماھىر ئانىلىرى بولغان. شۇڭا پەرزەنت تەربىيەسىنى ئانىسىنى تەربىيەلەشتىن باشلىدىم.

بالا تەربىيەلەشتە، بالىنى چوقۇم قىزىقتۇرۇش كېرەك. بالا قىزىقسا، ئاندىن تەربىيەنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ، ھالبۇكى بالىنى قىزىقتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى تەربىيەنى ئويۇنغا ئايلاندۇرۇش.

تالانتلىق ئادەملەرنىڭ ئاساسى بالا مەزگىلىدە تۇرغۇزۇلىدۇ. شۇڭا بالىنى بالدۇر تەربىيەلەش كېرەك، قانچە بالدۇر تەربىيەلىسە، ئۈنۈمى شۇنچە روشەن بولىدۇ.

بالا تەربىيەلەشتە يېتەرلىك سەۋر ـ تاقەت ۋە ئەقىل ـ پاراسەت بولۇشى كېرەك.

ھېكايە سۆزلەش بالا تەربىيەلەشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرى. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، بالىغا ھېكايە سۆزلەپلا قالماي، يەنە بالىنىمۇ سۆزلەتكۈزۈش كېرەك.

ئويۇن بالىنى قىزىقتۇرالايدۇ، ئەگەر ئويۇن ئەقىل ۋە چوڭقۇر مەنىگە تويۇنسا، بالا ئويۇن ئويناپ، تالانت ئىگىسىگە ئايلىنىدۇ.

ھەممە ئادەمدە تۇغما ئىقتىدار بولىدۇ، ئەگەر بالا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار ئەڭ چوڭ دەرىجىدە قېزىلسا ئۇنداقتا ئۇ «تالانت ئىگىسى» گە ئايلىنىدۇ. بولمىسا ئادەتتىكى ئادەم بولىدۇ. ھەربىر يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ ئاچىدىغان ئەڭ ياخشى مەزگىلى بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ سەزگۈر مەزگىلى.

بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر ئادەمنىڭ ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ۋە ياخشى خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى بىلىملىك ۋە ئىقتىدارلىق بولۇشتىنمۇ مۇھىم.

تېلېفون: 18016892489
ئۈندىدار: 18016892489
QQ : 18016892489
ئىككىلىك كودنى سكاننېرلاپ، بىزنى قوشۇۋېلىڭ

كارل ۋىتىر پەرزەنت تەربىيەسى جەۋھەرلىرى

# بالىڭىزنى ئويۇن ئارقىلىق تەربىيەلەڭ

بىلال ياقۇپ

تەرجىمە ئاساسدا تۈزگۈچىلەر: ئاينۇر دولقۇن

ئايبۈۋى نەزەر







شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

用游戏来教育孩子. 3 : 维吾尔文 / 比拉力・牙合甫编译. -- 乌鲁木齐 : 新疆人民卫生出版社, 2014.8
ISBN 978-7-5372-5788-6

Ⅰ. ①用… Ⅱ. ①比… Ⅲ. ①游戏课—学前教育—教学参考资料—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ① G613.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2014)第 224955 号

书　　名：用游戏来教育孩子. 3
编　　译：比拉力・牙合甫，阿依努尔・多力坤，阿依布比・尼扎尔
策　　划：艾麦尔江・艾麦提
责任编辑：帕丽旦・吾甫尔
责任校对：乔尔帕・吐尔逊
封面设计：海米旦・塞达力木
版式设计：阿丽屯古丽・玉努斯
插图设计：艾合麦提・阿布都热依穆，拜合提亚尔・穆合塔尔
出　　版：新疆人民总出版社
　　　　　新疆人民卫生出版社
地　　址：乌鲁木齐市龙泉街 196 号
网　　址：http://www.xjpsp.com
印　　刷：乌鲁木齐军星印刷厂
发　　行：新疆新华书店
版　　次：2014 年 8 月第一版
印　　次：2015 年 5 月第一次印刷
开　　本：787 × 1092 mm　16 开本
印　　张：10.125
书　　号：ISBN 978-7-5372-5788-6
印　　数：1—5000
定　　价：37.00 元

---

发行科联系电话：（0991）2823055　邮编：830001

# بالىلار بىزنىڭ، بىزنىڭ بولسۇن

## (كىرىش سۆز ئورنىدا)

### ئابدۇقادىر جالالىدىن

تۇرمۇشىمىزدا بالا بېقىشنىڭ گېپى بولۇپ تۇرىدۇ. «بالا بېقىش» دېگەن ئىبارىدە بالىنىڭ ئوزۇقلىنىشى، كىيىنىشى ۋە بىخەتەرلىككە بولغان كاپالەت ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. هاياتلىق بىر ئىنساننىڭ ئاساسىي زېھنىنى ئىگىلىگەندە، يەنى ئادەمنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى جان بېقىش، تىرىكچىلىك قىلىش، ئۆزىنى قوغداپ قېلىشنىڭ نېرىسىغا ئۆتمىگەندە، بۇنداق ئەھۋال بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى ئىگىلىگەندە، ئۇ ئادەم جاهانسازلىقتىن هالقىپ، سۈپەتلىك تۇرمۇش هەققىدە خىيال سۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە «بالا بېقىش» ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بالىلارغا نان تېپىپ بېرىش مەنىسىدە چەكلەنگەن بولىدۇ. خەلقىمىز ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئىبادەت ۋە تىجارەت ئەقىدىلىرىدە، پەرزەنت تەربىيەسىگە دائىر قىممەتلىك، مول تەجرىبىلەر بار. بىزنىڭ بۇلارنى قېزىشىمىز يېتەرلىك ئەمەس، تەتقىق قىلىشىمىز يېتەرلىك ئەمەس، ئۇلارنى هازىرقى كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا تەتبىقلىشىمىز يېتەرلىك ئەمەس. پەرزەنت تەربىيەسى هەققىدىكى قىلغانلىرىمىز مۇئەييەن بىر ئادەت تۈسىدە كەلدىكى، ئەقىل بابىدىكى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش، ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش، زاماننىڭ ئەلپازىغا ئۇدۇللاش تەرىقىسىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىمىز يوق هېسابتا بولدى. جاهان جىق ئۆزگەردى، ئەتراپىمىزدىكى مۇھىت بارغانسېرى بىزگە ناتونۇش تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزىمىزمۇ ياتلىشىپ كېتىۋاتىمىز. گويا ئاساسىي ئېقىمغا ئۆز تاللىشىمىزنى يوقاتقان يېگانە پىلانىتا بولۇپ قالدۇق. بالىلىرىمىزنى يەسلى ياكى مەكتەپكە تاپشۇرۇپ بېرىپلا، تىرىكچىلىك غېمىدە پىتراپ يۈردۇق. ئەۋلاد تەربىيەسىنى ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرى قىلماي، هاۋالە شەكلىدە ئادا قىلىدىغان بولۇپ كېتىشتى. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدىكى ساناقسىز بەدەللەر مۇهاكىمىسىز قالدى.

ئەمەلىيەتتە، هازىر بىزگە پەرزەنت تەربىيەسىدەك تەخىرسىز مەسىلە بولمىسا كېرەك. ئۇ بىز قىلالايدىغان، لېكىن سەل قارالغان مەسىلە. تەربىيە كۆرگەن ئۇقۇمۇشلۇق ئاياللار ئەرلىرىنىڭ كاپالىتىدە زېھنىنى پەرزەنت تەربىيەسىگە قاراتسا، تەربىيە مەسىلىلىرىگە ئائىت ئىجابىي تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتسە، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىمۇ قەلەم توختىسا، ئائىلە، نىكاھ، پەرزەنت تەربىيەسى ساهەسىدە ئاياللاردىنمۇ مۇتەپەككۇرلار چىقسا، زىيالىي ئاياللاردىن تەشكىللەنگەن ئەنجۇمەنلەر ئىجتىمائىي دۇرۇس ئېنېرگىيەنىڭ يادروسىغا ئايلانسا، پۇلدارلار بۇ هەقتىكى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلەرگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن هامىي بولسا، پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئەۋلاد تەربىيەسىنى ئۆزىنىڭ بىلىش تەجرىبىلىرى، مائارىپ ئەنئەنىلىرى، گۈزەللىك ئېڭى بىلەن مەزمۇنلىسا، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە زامانىۋى بىلىم ۋە ئەندىزىلەر بىلەن بېيىپ بارسا، ئىستىقبال هەر كىمنىڭ ئۆز قولىدا بولار ئىدى.

بىلال ياقۇپ، ئاينۇر دولقۇن، ئايبۇۋى نەزەر قاتارلىق ئاپتورلارنىڭ هەمكارلىقىدا

«بالىڭىزنى ئويۇن ئارقىلىق تەربىيەلەڭ» دېگەن كىتاب ۋۇجۇدقا كەپتۇ. بىر چاغلاردا ئوقۇرمەنلىرىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشكەن «كارل ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى» ناملىق كىتاب يۇقىرىقى ئاپتورلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن قولنىشچان، ئاممىباب ھالەتكە كەپتۇ. بۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەسىگە ئائىت ھالقىلىق يەكۈنلەرنى جەريان ۋە باسقۇچلار ئارقىلىق ئىگىلىشىگە قولايلىق يارىتىدىغان ئەمگەك بوپتۇ. ئەلۋەتتە، كىتابتىكى پىكىرلەر تەرجىمىدىن كەلگەندۇر. كىتابنىڭ قۇرۇلمىسى، كىرىشتۈرۈلگەن رەسىملەرنى نەزەرگە ئالغاندا ئىجادىي ئەمگەكلەرنىڭمۇ خېلى سالمىقى بار ئىكەن. لېكىن ھېس قىلالمايمىز، بىر پارچە ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش ياكى تۈزۈش زۆرۈرىيىتى ھەققىدىكى ھېسمۇ بىر ئىجادىيەت، تەرجىمە باسقۇچلىرىمۇ ئىجادىيەتتۇر. ئومۇمەن، ھەرقانداق ئەمگەك ئىجادىيەتتۇر. بىرلا شەرت: بۇ ئەمگەك ئۆز تاللىشىڭىزدىن ئۆتۈشى كېرەك.

بىلال ياقۇپ، ئاينۇر دولقۇنلار بىز تازىلىغان بۇلاقلاردىن سۇ ئىچكەن ئاسپرانتلار، ئۇلارنىڭ رىزقى قوشۇلۇپ، پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرى تەقەززاسىدا مەزكۇر كىتابنى ئورتاق ئەمگەككە نىشانلاپ، ئاخىر بىر باشقا ئېلىپ چىقىپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ بۇ تۇنجى مېۋىسىدىن سۆيۈندۈم. بىزنىڭ ئوقۇغان خانىم ـ قىزلىرىمىز ئاز ئەمەس، ئۇلارنىڭ كۆپلىرى ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ خىزمىتى ۋە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىن ئېشىنالمايلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇلار شۇ ھەلەكچىلىكتىن ھالقىپ، ئەۋلاد تەربىيەسى بابىدا جەمئىيەتكە كۆڭلىنى ئىزھار قىپتۇ. بۇ كىتابنىڭ ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى مول ئەقلىي مەھسۇلاتلىرىدىن بىر بېشارەت بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، مۇشۇ كىرىش سۆزنى ئارمىغان قىلدىم.

كىتابنىڭ ئىلمىيلىكى، ئەمەلىيلىكى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باھاسى ئارقىلىق مۇئەييەنلەشسۇن. مېنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنىم: ئەۋلاد تەربىيەسى ھەققىدىكى تەلقىنلەر كۆپەيسۇن، ئىلمىي تەتقىقاتلار ۋە ئىزدىنىشلەر ئېھتىياجىمىزدىن ئاشقۇدەك بولسۇن. شۇ چاغدىلا بىز نوقۇل بىيولوگىيەلىك ئاتا ـ ئانا بولۇشتىن ئىنسانىي ئاتا ـ ئانا بولۇشقا، ئەقىل ۋە مەنىۋىيەت سەيناسىدىن ئىززەت تېپىشقا مۇيەسسەر بولالايمىز.

2014 ـ يىل 16 ـ نويابىر ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە



## 5 ـ بۆلەك ئادەت تەربىيەسى


01 ياخشى ئۆگىنىش ئادىتى يېتىلدۈرۈش 1

ياخشى ئۆگىنىش ئادىتى يېتىلدۈرۈش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. باللارنىڭ گۆدەكلىكىدە يېتىلدۈرگەن ياخشى ئادىتى ئۇلارغا ئۆمۈر بويى نەپ بېرىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش يولىمۇ ......

02 ئىش قىلغاندا ئىزچىل بولىدىغان ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش 16

بالىنىڭ دىققىتىنىڭ مەركەزلىشىش ۋاقتى ناھايىتى قىسقا بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ چىدامچانلىقىنى چېنىقتۇرۇپ، ئىش قىلغاندا ئىزچىل بولىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈشى ......

03 ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىش 30

مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارى ھەممە ئىقتىدارلارنىڭ ئاساسى. ئەگەر بالا تۇرمۇشتىكى ئىشلارنىمۇ ئۆز ئالدىغا بىر ياقلىق قىلالمىسا، كېلەچەكتە ئۇ چوڭ ئىشلارنى قىلالمايدۇ. ھەتتا ئادەتتىكى ئادەملەرگىمۇ يېتەلمەسلىكى مۇمكىن. بالىغا مۇستەقىل ياشاشنى ......

04 تۇرمۇشتا تەرتىپلىك بولىدىغان ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش 47

تەرتىپلىك تۇرمۇش ئادەمگە تېخىمۇ راھەت ۋە ئازادىلىك بەخش ئېتىدۇ. گۆدەكلىك مەزگىلى باللارنىڭ «تەرتىپكە سەزگۈر مەزگىلى» بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا باللاردا تەرتىپلىك تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئاسان ھەم ئۇلار ئۈچۈن ......

05 ھۆرمەتمۇ بىر خىل ئادەت 65

باشقىلارنى ھۆرمەت قىلغاندىلا ئاندىن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ھۆرمەت قىلىش بىر خىل ئادەت. ئەگەر بالا كىچىكىدىن باشلاپلا باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنى ئادەت قىلسا، چوڭ بولغاندا باشقىلار بىلەن ئەپ ......

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مۇندەرىجە

## 6 ـ بۆلەك پەزىلەت تەربىيەسى


**بالا قانداق قىلغاندا دوستلىرى بىلەن ئىناق ئۆتەلەيدۇ 81**

ئالاقە بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش، خاراكتېر شەكىللىنىش ھەم تەرەققىي قىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بالىنىڭ دوستلىرى بىلەن قانداق ئالاقە قىلىشى ئۇنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن باشقىلار بىلەن قانداق ئالاقە قىلىشىغا ئاساس ......

01

**بالىلار قانداق قىلغاندا ئائىلە ئەزالىرى بىلەن ئىناق ئۆتەلەيدۇ 97**

ياخشى ئائىلە كەيپىياتى بالىنىڭ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى ھەم پىسخىك تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئازادە، خۇشال، يۇمۇرىستىك، ئىللىق ئائىلە مۇھىتى بالىنىڭ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىجابىي رول ئويناپ، ساغلام ......

02

**بالا تەربىيەلەشتە ئاۋۋال جەمئىيەتنى چۈشەندۈرۈش كېرەك 114**

بالىلارغا جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى بالدۇرراق كۆرسىتىپ قويۇش، ھەرگىزمۇ ئۇلاردا ناچار پىسخىكا شەكىللەندۈرمەيدۇ، بەلكى ئۇلار بۇ دۇنيادا گۈزەللىكنىڭ، خۇنۈكلىكنىڭ، ياخشى ھەم يامان ئادەملەرنىڭمۇ بارلىقىنى بىلىپ ......

03

**بالىلارغا باشقىلار بىلەن قانداق سۆزلىشىشنى ئۆگىتىش 127**

سۆزلىشىشمۇ بىر خىل سەنئەت، سۆزلىشىشنى بىلىش بىلمەسلىك كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. گەرچە بالا بولسىمۇ، ئەمما گەپ ـ سۆزى جايىدا بولمىسا، يەنىلا باشقىلارغا ئازار بېرىدۇ، كىشىنى بىزار ......

04

**بالىلارغا مىننەتدار بولۇشنى ئۆگىتىش كېرەك 140**

مىننەتدار بولۇشنى بىلىش تۇرمۇشنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنىلا كۆرۈش كىشىدە ئاغرىنىش ھېسسىياتى پەيدا قىلىدۇ. بىراق بىز بۇ دۇنياغا مىننەتدارلىققا تولغان قەلب بىلەن مۇئامىلە قىلالىساق، دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى ......

05

# 5 - بۆلەك

## ئادەت تەربىيەسى

### 1. ياخشى ئۆگىنىش ئادىتى يېتىلدۈرۈش

نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىلىرى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن بالىسىدا ئۆگىنىش ئادىتى يېتىلدۈرۈشكە باشلايدۇ، ئەمما ياخشى ئۆگىنىش ئادىتى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئۇنچە ئاسان ئەمەسلىكىنى بايقايدۇ. ناچار ئۆگىنىش ئادىتىنى بالىلار ئۆزلۈكىدىن يېتىلدۈرۈۋالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ناچار ئادەتنى ئۆزگەرتىش تولىمۇ قىيىن. شۇڭا ئاتا - ئانىلار بالىلاردا ياخشى ئۆگىنىش ئادىتى يېتىلدۈرۈشنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاش كېرەك. بالىلارنىڭ گۆدەكلىكىدە يېتىلدۈرگەن ياخشى ئادىتى ئۇلارغا ئۆمۈر بويى نەپ بېرىدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش يۈكىمۇ كۆپ يېنىكلەيدۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



# ئۆگەنگەندە ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئوينىغاندا ئىچىلىپ - يېيىلىپ ئويناش




كىچىك كارل ئۆگىنىشتە ئالاھىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار كارل ۋىتېردىن، نېمە ئۈچۈن بالىلىرىنىڭ شۇنچە قېتىرقىنىپ تىرىشىپ ئۆگەنسىمۇ، لېكىن نەتىجىسىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدىغانلىقىنى سورىشاتتى. ئۇلار كىچىك كارلنىڭ نەتىجىسىنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئۇنىڭدا تۇغما تالانتىنىڭ بولغانلىقىدا دەپ قارايتتى. كارل ۋىتېر بۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى داڭلىق ئادەم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنەتتى. بەزى بالىلار كىچىكىدىن شۇنداق ئەقىللىق، چېچەن، قىزىقىشى ھەر خىل بولسىمۇ، ئەمما ئاتا - ئانىلار ئۇلارنى توغرا يېتەكلىمەيدۇ. «ئۇلارنى ھەممە ئىشقا تەڭ ئېسىلدۇرىدۇ»، نەتىجىدە ئۇلار ھېچقايسىسىنى ياخشى ئۆگىنەلمەيدۇ.

كىچىك كارلنىڭ قىزىقىشىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك، ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرى كۆپ ئىدى، ئەمما كارل ۋىتېر ئۇنى قاتتىق تەربىيەلەپ، ئىشلارنى پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرغۇزاتتى. ۋاقىتنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى، قىزىقىشىنىڭ كۆپ بولۇشى تۈپەيلى ئۆگىنىشكە تەسىر يەتكۈزمەسلىكنى تەلەپ قىلاتتى. كارل ۋىتېر كىچىك كارلدا كىچىكىدىن پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئىش قىلىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، ئۆگەنگەندە بېرىلىپ، ئەستايىدىل ئۆگىنەتتى، ئوينىغاندا ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئوينايتتى، مەلۇم بىر دەرسنى ئۆگىنىۋاتقاندا، باشقا دەرستىكى مەسىلىلەرنى ئويلىمايتتى. ئەگەر ئۆگىنىش قىلغاندا پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلمىسە، پۈتۈن بىر كۈن كىتابنى قۇچاقلاپ پارتىغا دۈم يېتىۋالغان بىلەنمۇ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمايدۇ. ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئاتا - ئانىلارغا تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتقان ساختا تەسىر بېرىپ قويىدۇ.




ھەممىگە مەلۇم، كىچىك كارل تۇغۇلغاندا ئەقلىي قابىلىيىتى ئاجىز بالا ئىدى. ئۇنىڭ ئۆگىنىشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىشى ئۇنىڭ تالانتلىق بولغانلىقىدىن بولماستىن، بەلكى ياخشى ئۆگىنىش ئادىتى يېتىلدۈرگەنلىكىدە. ھەممە بالا تۇغۇلغاندا يوشۇرۇن ئىقتىدارى ئاساسەن ئوخشاش بولىدۇ. ئەمما ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ھەر خىل ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ئاتا - ئانىلارنىڭ دەسلەپكى تەربىيەسى بالىلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنىڭ جارى بولۇش دەرىجىسىنى بەلگىلەيدۇ. بالىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىدا، ياخشى بولغان ئۆگىنىش ئادىتى يېتىلدۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. ئۆگىنىش ئادىتى يېتىلدۈرۈشتە ئاتا - ئانىلار ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.






# پۇرچاق ئاقلاش

**ماس كېلىدىغان يېشى:** 2 ~ 6 ياشقىچە

**كېرەكلىك نەرسىلەر:** بىر چىنە پۇرچاق، كىچىك داس

**ئويناش ئۇسۇلى**



1. بالىغا بىر ئورۇندۇق، كىچىك سولياۋ داس، بىر چىنە ئاقلانمىغان پۇرچاق تەييارلاپ بېرىش.
2. بالىغا ئاقلاپ بولغان پۇرچاقنى كىچىك داسقا سېلىشنى ئېيتىش.
3. ئاقلاپ بولغاندىن كېيىن، بالىغا قانچە تال پۇرچاق ئاقلىغانلىقىنى سانىتىش.
4. بۇ ئويۇن بالىلارنىڭ قول مۇسكۇلىنىڭ ئىنچىكە ھەرىكەتلىرىنى قىلىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بالىلاردا سەۋرچانلىق، ئىنچىكىلىك، ئەستايىدىللىق ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق.

**ئويۇننىڭ مۇھىم نۇقتىسى**

بالىغا ئاقلىغان پۇرچاقنى سانىتىش، بۇ بالىلاردا چىدامچانلىقنى يېتىلدۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# بانان بالىغا كىيىم كىيدۈرۈش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: سېرىق رەڭلىك قەغەز، شىلىم، ئاق قەغەز

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار ئاۋۋال ئاق قەغەزگە باناننىڭ شەكلىنى سىزىدۇ.
2. بالىغا سېرىق رەڭلىك قەغەزنى كىچىك ـ كىچىك قىلىپ يىرتقۇزىدۇ.
3. بالا شىلىم بىلەن بانان بالىغا سېرىق كىيىم كىيگۈزىدۇ، يەنى سېرىق قەغەز پارچىلىرىنى باناننىڭ رەسىمگە چاپلايدۇ.
4. پۈتكەندىن كېيىن «بانان» نى كېسىپ، تامغا چاپلاپ قويىمىز.
5. بالا قەغەزنى چاپلاۋاتقاندا، ئاتا ـ ئانىلار يېنىدا تۇرۇپ بالىغا سەۋرچانلىق بىلەن، ئىنچىكىلىك بىلەن ئەستايىدىل قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش.



# مارجان ئۆتكۈزۈش



ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: مارجان، ئىككى تال يىپ

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئالدى بىلەن چوڭلار مارجاننى يىپقا ئۆتكۈزۈپ ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

2. بالىلار ياخشى كۆزىتىدۇ.

3. ئاتا - ئانىلار بالىنى ئۆزى قول سېلىپ بىر تىزىق مارجان ئۆتكۈزۈپ بېقىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

4. بالىنىڭ ئۆتكۈزۈشىگە قولاي بولسۇن ئۈچۈن، مارجاننىڭ تۆشۈكى يوغانراقىنى تاللاش، يىپنىڭ چىڭ، قاتتىقراقىنى تاللاش كېرەك.



«ئۆگەنگەندە ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئوينىغاندا ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئويناش» نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بىلىدىغان ساۋات. ئەمما نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىنى تەربىيەلەش جەريانىدا دائىم پەقەت بالىنىڭ قانچە سائەت ئۆگەنگىنىگىلا قاراپ، ئۆگىنىشكە ھەقىقي كىرىشكەن - كىرىشمىگەنلىكىگە دىققەت قىلمايدۇ. بالىنىڭ ئۆگىنىش ھالىتىنى ھەرۋاقىت كۆزىتىپ تۇرۇش كېرەك. ناۋادا بالا داۋاملىق ئۆگىنىشكە تاقەت قىلالمىغان بولسا ياكى كۆڭلى بىر يەردە بولمىسا، ئۇنىڭ سىرتقا چىقىپ قانغۇدەك ئويناپ كىرىپ، ئاندىن ئۆگەنگىنى ياخشى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بېرىلىپ ئۆگەنسە ئۆگىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ




كارل ۋىتېرنىڭ بىر دوستىنىڭ خاتۋېر ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئىنتايىن تىرىشچان بالا دەپ قارايدىكەن. ئەمما ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ئىكەن. ئۇلار كارل ۋىتېرنى تەكلىپ قىلىپ، نېمىشقا شۇنداق بولىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. كارل ۋىتېر خاتۋېرنىڭ قانداق ئۆگىنىدىغانلىقىنى يوشۇرۇنچە كۆزىتىپ، شۇنى بايقايدۇكى، خاتۋېر شىرەنىڭ ئالدىدا شۇنچە ئۇزاق ئولتۇرسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرى كىتابتا بولماي، دېرىزە سىرتىغا قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرىدىكەن.

كارل ۋىتېر ئاستا ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ مۈرىسىگە ئۇرغاندا، ئۇ ئاندىن ئۆزىگە كەپتۇ. كارل ۋىتېر خاتۋېر بىلەن تەپسىلىي پىكىرلىشىپتۇ، ئەسلىدە خاتۋېر ئۆزىنى مۇشتۇمزورلارنى يوقىتىپ، ئاجىزلارنى يۆلەيدىغان، ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان قەھرىمان دەپ خىيال قىلىۋاتقان ئىكەن. كارل ۋىتېر ئۇنىڭغا قەھرىمان بولۇش ئۈچۈن پەقەت خىيالغا تايانسىلا بولمايدىغانلىقىنى، پارتا ئالدىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرماي، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قانداق قەھرىمان بولغانلىقىغا قاراش، ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. خاتۋېر كارل ۋىتېرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا ئەقلىنى تاپقاندەك بولىدۇ. ئۆزىنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشى، بەدەن چېنىقتۇرۇشى كېرەكلىكىنى، ئاندىن چوڭ بولغاندا ئاجىزلارغا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ خاتۋېر كىتابنى ئېلىپ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ناھايىتى تېزلا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.




ئۆگىنىش قىلغاندا كۆڭلى بىر يەردە بولماسلىق، قەھرىماننىڭ خىيالىنى قىلىش نۇرغۇن بالىلاردا بار «كېسەل». ئەگەر بالىلار پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۆگىنىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرەلمىسە، ھەر كۈنى نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۆگەنگەن تەقدىردىمۇ ھېچقانچە ئۈنۈمى بولمايدۇ. ئۇلار خىيالدا سىرتلارغا چىقىپ، دوستلىرى بىلەن ئويناپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنداق ھالەتتە بىلىمنى ياخشى ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرە بالىنىڭ سىرتقا چىقىپ قانغۇدەك راۋۇس ئويناپ كىرىپ، ئاندىن ئۆگەنگىنى ياخشى.






# ئاپېلسن تىزىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كىچىك ئاپېلسىن

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا كىچىك ئاپېلسىنلارنى تەييارلاپ بېرىش.
2. ئاتا ـ ئانىلار چاۋاك ئۇرىدۇ، بالا چاۋاك سانى قانچە بولسا، شۇنچە تال ئاپېلسىننى ئۈستەل ئۈستىگە تىزىدۇ.
3. ھەر قېتىمقى چاۋاك ئارىلىقى ئۇزۇنراق، رىتىملىق بولۇش كېرەك.
4. بالا ئاپېلسىنلارنى تىزىپ بولغاندىن كېيىن، جەمئىي قانچە چاۋاك ئۇرۇلغانلىقىنى، قانچە تال ئاپېلسىن تىزغانلىقىنى ساناپ باقىدۇ.
5. ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن، بالىنى مۇكاپاتلاش كېرەك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تۈگمە ئېتىشنى ئۆگىنىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: تۈگمىلىك چاپان

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار ئالدى بىلەن بالىغا تۈگمىنى قانداق ئېچىشنى ئۆگىتىش: سول قولنىڭ بارماقلىرى، يەنى كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن چاپاننىڭ تۆشۈك ئېچىلغان پېشىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئوڭ قول بىلەن تۈگمىنى بۇراش، تۈگمىنى ئوڭ تەرەپ ئاستىغا ئازراق بۇراپ تۈگمىنى تۆشۈكتىن چىقىرىش.

2. بالىغا تۈگمە ئېتىشنى ئۆگىتىش: ئوڭ ـ سول ئىككى پەشنى ئوتتۇرىغا جۈپلەپ، تۈگمىلەرنى ئۈستىدىن ئاستىغا قاراپ ئېتىش: ئوڭ قول بىلەن تۈگمىنى چىڭ تۇتۇپ، سول قول بىلەن تۆشۈكنى تۇتۇپ، تۈگمە بىلەن تۆشۈكنى ئۇدۇللاپ، ئوڭ قول بىلەن تۈگمىنى تۆشۈكتىن ئۆتكۈزۈپ، سول قول بىلەن تۆشۈكتىن ئۆتكەن تۈگمىنى تارتىپ چىقىرىش.

3. تۈگمە ئېتىشنى ئۆگىنىش باللار ئۈچۈن خېلىلا تەس ئىش، ئاتا ـ ئانىلار چوقۇم سەۋرچان بولۇش كېرەك.



# پەرقنى تېپىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6

كېرەكلىك نەرسىلەر: رەسىملىك توپلام

ئويناش ئۇسۇلى



1. بالىغا پەرقنى تاپىدىغان رەسىملەر توپلىمى تەييارلاپ بېرىپ، بالىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن بالىغا قىيىنلىق دەرىجىسى مۇۋاپىق بولغان رەسىملەرنى تاپقۇزۇش.

2. پەرقنى تېپىش بالىلاردىن كۆچلۈك سەۋرچانلىقنى، ئىنچىكە كۆزىتىش ئىقتىدارىنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ، بالىلارنىڭ دىققىتىنى يىغىشقا پايدىلىق.

3. ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، بالا ئىزدەۋاتقاندا، چوڭلار بالىنىڭ دىققىتىنى چېچىپ، بالىنىڭ كاشىلىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرسىمۇ بولىدۇ.



پەقەت پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ ئۆگەنگەندە، ئاندىن ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ، تۇرمۇشتا ئۆگىنىشلا ئەمەس، ھەرقانداق بىر ئىش پۈتۈن زېھنى بىلەن قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بالىلار دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلمىسە، سەۋرچان بولمىسا، ئاتا ـ ئانىلار ئالدى بىلەن بالىلارنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىكى دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇپ، ئاندىن ئويۇننىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاستا ـ ئاستا ئاشۇرۇش، ئويۇننىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىش قاتارلىقلار ئارقىلىق بالىنىڭ سەۋرچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بالىنىڭ دىققىتىنى يىغىش دەرىجىسىنى ئاشۇرسا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# سۆرەلمىلىك قىلىدىغان يامان ئادەتنى چۆرۈۋېتىش




كارل ۋېتىر كىچىك كارلنىڭ ئۆگىنىش ئادىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. ناۋادا ئۇنىڭدا بىرەر ناچار ئادەت بايقىسىلا دەرھال تۈزەتكۈزەتتى. بىر قېتىم، كارل ۋېتىر بالىسىغا ماتېماتىكىلىق مەسىلىدىن بىرنى ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، چىقىپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇ كىتاب ئېلىش ئۈچۈن ئۆيگە يېنىپ كىرگەندە، كىچىك كارلنىڭ مەسىلىنى ئىشلىمەستىن ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. كارل ۋېتىر: «ئويناۋېتىپسەنغۇ؟ نېمىشقا مەسىلىنى ئىشلىمىدىڭ؟» دەپ سورايدۇ، كىچىك كارل: «ئۇ مەسىلە بەك ئاددىيكەن، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بۇرۇن چوقۇم ئىشلەپ بولالايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. كارل ۋېتىر ھېچنېمە دېمەي، ئۇنىڭغا يەنە ئىككى مەسىلە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشقاندا، كارل ۋېتىر كىچىك كارلنىڭ ئىككى مىسالنى ئىشلەپ بولغانلىقىنى، يەنە بىر قىيىن سوئالنى يېشىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. كارل ۋېتىر ۋاقىت توشقانلىقىنى ئېيتىپ، كىچىك كارلنى مەسىلە يېشىشتىن توختىتىپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇ مىسالنى كۆپەيتكىنى بىلەن ۋاقىتنى ئۇزارتمىغان ئىدى.

كىچىك كارل ئادىل بولمىغاندەك ھېس قىلىدۇ. كارل ۋېتىر ئۇنىڭدىن: «دەسلەپتە سۆرەلمىلىك قىلىپ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋەتمىگەن بولساڭ، بۇ ئىككى مىسالنى ئىشلەپ بولالامتىڭ؟» دەپ سورايدۇ. كىچىك كارل «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. كارل ۋېتىر ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا قارا، ئەگەر سەن باشتىلا سۆرەلمىلىك قىلىپ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماي، ئاۋۋال ئۇ سوئالنى ئىشلەپ بولۇپ، ئاندىن ئېشىپ قالغان ۋاقىتتا ئۆزۈڭ ياقتۇرىدىغان باشقا ئىشلارنى قىلساڭ بولاتتى. ئەمما مەن يەنە ساڭا ئىككى مىسال قوشۇپ بەردىم، شۇنىڭ بىلەن ۋاقىت يەتمىدى. بىلىشىڭ كېرەككى تۇرمۇش دېگەن شۇنداق بولىدۇ، دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئەگەر دەسلەپتىلا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشنى تۈگەتمىسەڭ، تاسادىپىي ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا، ئىشنى قىلىپ بولۇشقا ۋاقتىڭ يەتمەسلىكى مۇمكىن.»




ئىش قىلغاندا سۆرەلمىلىك قىلىش نۇرغۇن ياشلاردىمۇ بار يامان ئادەت. بەزى كىشىلەر ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ خىزمىتىنى باشلىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار كىچىكىدىن تارتىپ ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغان ياخشى ئادەت يېتىلدۈرمىگەن. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كىچىك چاغدا يېتىلدۈرگەن ياخشى ئادەت ئۆمۈر بويى نەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار بالا كىچىك ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ياخشى ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش ئادىتى يېتىلدۈرۈشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، بالىلاردىكى ئىش قىلغاندا ئېزىلەڭگۈلۈك قىلىدىغان يامان ئادەتنى تۈگىتىش كېرەك، بۇنداق بولغاندا بالىلار ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جىق ئىش قىلالايدۇ، ئىش ئۈنۈمىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.




# ئوخشىشىنى تېپىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كۇبىك، ۋاقىت ھېسابلىغۇچ

ئويناش ئۇسۇلى

1. بىر يۈرۈش كۇبىكنىڭ ھەممىنى قالايمىقان قىلىۋېتىش.
2. بالىغا بىر مىنۇت ئىچىدە ئاز دېگەندە بەش دانە شەكلى ئوخشاش كۇبىك تېپىشنى تاپشۇرۇش.
3. ئاتا ـ ئانىلار ياندا تۇرۇپ ۋاقىت ھېسابلايدۇ، ۋاقىت توشقاندا بالىنىڭ ۋەزىپىنى ئورۇنلىغان ياكى ئورۇنلىمىغانلىقىنى تەكشۈرىدۇ.
4. بالىغا يەنە بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئوخشاش رەڭلىك كۇبىكلارنى بىر يەرگە يىغىشنى بۇيرۇيدۇ.



# پىلان

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. ھەپتە ئاخىرىدا بالىنى باغچىغا ئوينىغىلى ئاپىرىپ، باغچىغا كىرگەندىن كېيىن ئاۋۋال بالىغا سەيلە قىلىش خەرىتىسىنى كۆرسىتىدۇ.

2. بالا بىلەن باشتا نېمىنى ئويناش، كېيىن نېمىنى ئويناشنى مەسلىھەتلىشىپ، بالىغا ئۆزىنىڭ سەپىرىنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆگىتىدۇ.

3. ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ ياخشى تەرەپلىرىنى ۋە مۇۋاپىق بولمىغان تەرەپلىرىنى تەھلىل قىلىپ بېرىدۇ.

4. ئاتا ـ ئانىلار بالا بىلەن بىرلىكتە ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئويۇن ئوينىغىلى بولىدىغان پىلاندىن بىرنى تۈزۈپ چىقىدۇ.




بالىلاردىكى سۆرەلمىلىك قىلىدىغان يامان ئادەتنى تۈگىتىپ، ئىش قىلىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئاساسلىقى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نازارەت قىلىشىغا باغلىق. ئەمما ئاتا ـ ئانىلار بالىغا سەۋەبىنى چۈشەندۈرمەيلا، قوپاللىق بىلەن بالىنى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشقا بۇيرۇماي، ئەكسىچە بالىدا ئۆزلۈكىدىن ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغان ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش كېرەك. ۋاقىت بەلگىلەپ بېرىش، چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە مۇسابىقىلىشىش، پىلان تۈزۈپ بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق بالىنىڭ ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

# تۈرمۈش، ئۆگىنىش تەرتىپلىك بولۇش




كارل ۋىتىر كىچىك كارلدا كىچىكىدىن تارتىپ تەرتىپلىك تۈرمۈش ۋە ئۆگىنىش ئادىتى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، كىچىك كارل ئۆگىنىش ۋە دەم ئېلىشلىرىنى تەرتىپ بويىچە قىلمىسا تېگىشلىك جازاغا تارتىلاتتى. كارل ۋىتىر ئىلگىرى كىچىك كارلغا: «ھەر كۈنى ئەتىگەندە ۋاقتىدا ئورنۇڭدىن تۇرۇشۇڭ كېرەك، بولمىسا مەن سېنى ناشتا قىلىشتىن ۋاز كەچتى دەپ قارايمەن. ئۆزۈڭنىڭ ئىشىغا ئۆزۈڭ ئىگە بولۇشۇڭ كېرەك» دېگەنىدى.

بىر قېتىم كىچىك كارلغا قوپۇش خۇشياقماي بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتىن كېيىن قالدۇ. كىچىك كارل تاماق ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئاپىسى ئۈستەلنى يىغىشتۇرۇپ بولغان بولۇپ، كىچىك كارلنىڭ ناشتىلىقىنىمۇ يىغىشتۇرۇۋېتىدۇ. كىچىك كارل ئاتا ـ ئانىسىغا ئۆزىنىڭ قىلمىشىنى ئاقلىماقچى بولغاندەك قارايدۇ. كىچىك كارل ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا كارل ۋىتىر: «تولىمۇ ئەپسۇس، ئەسلى سۈتۈڭ بىلەن بولكاڭنى جايىدا قويۇپ قويغۇم بار ئىدى، ئەمما بىزنىڭ كېلىشىمىمىز بار ئەمەسمۇ. ئۇنى خالىغانچە بۇزسام بولمايدۇ. ئاغرىنىشقا توغرا كەلسە ئۆزۈڭدىن ئاغرىنساڭ بولىدۇ» دەيدۇ.




نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا كارل ۋىتىردەك قەتئىي بولالمايدۇ. ئۇلار تاماقنى ئېلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بالىسىغا چىدىماي، يەنە تاماق بېرىدۇ. بەزى ئاتا ـ ئانىلار ئەتىگەنلىك تاماق ئىنتايىن مۇھىم، ئەتىگەندە ناشتا قىلمىسا بالىنىڭ بەدىنىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يېتىدۇ دەپ قارايدۇ. لېكىن كارل ۋىتىرنىڭ قارىشىچە، بۇنداق ئەھۋالدا، ئەتىگەنلىك ناشتا ئانچە مۇھىم ئەمەس. بىر ۋاق تاماق يېمەسلىك بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئۇنچە چوڭ زىيان يەتكۈزمەيدۇ. بالىغا بەلگىلىمىگە رىئايە قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرۈش، بالىدا ياخشى بولغان تۇرمۇش ئادىتى شەكىللەندۈرۈش ھەممىدىن مۇھىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




# ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. ھەر كۈنى سەھەردە بالا ئورنىدىن تۇرىدىغان ۋاقىتتا، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ھوجرىسىنىڭ پەردىسىنى قايرىپ، ئۆيگە يورۇقلۇق كىرگۈزۈش.

2. بالا يورۇقلۇقنىڭ تەسىرىدە ئاستا ئويغىنىدۇ، ئاتا ـ ئانىلار يەنە يەڭگىل، لىرىك مۇزىكىلارنى قويۇپ بېرىپ، بالىغا مۇزىكا قويۇلغان ۋاقىتنىڭ ئورنىدىن تۇرىدىغان ۋاقىت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش.

3. بالا سەل چوڭ بولغاندا، بالىغا سائەتنىڭ قوڭغۇرىقىنى تەڭشەپ بېرىپ، بالىنى ئۆزى ۋاقتىدا قوپىدىغان قىلىش.



# تاماقنى ئۆزى يېيىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى



1. تاماق يېيىشتىن بۇرۇن بالىنىڭ قولىنى پاكىز يۇيۇپ، ئۇستەل راسلاشقا ياردەملەشتۇرىمىز.

2. تاماق ۋاقتىدا بالىنى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، تاماق يەپ بولۇشتىن بۇرۇن ئورنىدىن قوزغالماسلىقنى ئېيتىمىز.

3. بالىغا قوشۇق، چوكا تۇتۇشنى، ئۆزى قورۇما ئېلىشنى ئۆگىتىمىز.

4. بالىلار تاماق يېگەندە جىم ئولتۇرالمايدۇ، ئاتا - ئانىلار سەۋرچان بولۇپ، بالىغا ئاستا - ئاستا ئۆگىتىشى كېرەك.



تەرتىپلىك تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىش بالىغا بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ۋە مۇقىملىق تۇيغۇسى بېرىدۇ. مۇقىم بولغان مەشغۇلات ۋاقتى بالىنى ھەر كۈنى ئوخشاش ۋاقىتتا ئوخشاش ئىشنى قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈپ، ياخشى بىيولوگىيەلىك سائەت شەكىللەندۈرۈشكە پايدىلىق. بۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىنى تېخىمۇ تەرتىپلىك، ئاسان قىلىدۇ. بالىلارغا پىرىنسىپتا چەك تۇرۇشنى، ئۆزىنى باشقۇرۇش ۋە ئۆزىنى كونترول قىلىشنى ئۆگىتىپ، ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسا بالا بىلەن مۇرەسسە قىلماسلىق كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# 5 - بۆلەك

## ئادەت تەربىيەسى

### 2. ئىش قىلغاندا ئىزچىل بولىدىغان ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش

باللار ئادەتتە بىر ئىشقا پەقەت ئۈچ مىنۇتلا قىزىقىدۇ، ھېلى كۆبىك ئوينايمەن دېسە، نەچچە مىنۇت ئۆتە - ئۆتمەيلا ماشىنا ئوينايدۇ. چۈنكى بالا كىچىك بولغاچقا، دىققىتىنىڭ مەركەزلىشىش ۋاقتى ناھايىتى قىسقا بولىدۇ. لېكىن ئاتا - ئانىلار بالىلارنى بولۇشىغا قويۇپ بەرمەسلىكى كېرەك. ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ چىدامچانلىقىنى چېنىقتۇرۇپ، ئىش قىلغاندا ئىزچىل بولىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك.





# قەتئىي داۋاملاشتۇرغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ




بىر قېتىم كارل ۋېيتىر كىچىك كارلغا ئۇنىڭ ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتكەن بىر ماتېماتىكا مەسىلىنى ئىشلەشكە تاپشۇرىدۇ. ئەمما شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىنمۇ كىچىك كارل ئۇ مەسىلىنى ئىشلىيەلمەيدۇ. كارل ۋېيتىر ئۇنىڭغا «ئەگەر بەك تەس ھېس قىلساڭ، ئاۋۋال ئازراق ئارام ئېلىۋال» دەيدۇ. كىچىك كارل رەت قىلىدۇ. تاماق ۋاقتى بولغان بولسىمۇ، كىچىك كارل ھۇجرىسىدىن چىقمىغاچقا، ئاپىسى تاقەت قىلىپ بولالماي، ئۇنى تاماققا چاقىرغىلى كىرىدۇ. كىچىك كارل ئاپىسىغا ئۇ مەسىلىنى يېشىش ئۇسۇلىنى تاپقانلىقىنى، جاۋابىنىڭ تېزلا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. كارل ۋېيتىر ئايالى بىلەن سەۋرچانلىق بىلەن ساقلاپ تۇرىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ ھاياجان بىلەن ۋارقىراپ، مەسىلىنىڭ جاۋابىنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ چىقىدۇ.

تاماق ۋاقتىدا، كىچىك كارل ئۆزىنىڭ بۇ مەسىلىنى قانداق تەھلىل قىلغانلىقى، قانداق يېشىپ چىققانلىقىنى توختىماستىن دادىسىغا سۆزلەپ بېرىدۇ، ھەم ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق قىيىن مەسىلىنى ئىشلىيەلىگەنلىكىدىن پەخىرلىنىدۇ. كارل ۋېيتىر ئۇنىڭدىن مەسىلىنى ئىشلەش جەريانىدا ۋاز كېچىشنى ئويلىغان ياكى ئويلىمىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: «ئويلىدىم، چۈنكى ئۇ مەسىلە ھەقىقەتەن بەك تەسكەن، بېشىممۇ ئاغرىپ كەتتى. ‹ئىشلىيەلمەيسەن› دېگىنىڭنى ئاڭلىغاندا، چىقىپ كېتەيمۇ، دەپ ئويلىدىم. ئەمما ھەر قېتىم ئاشۇنداق ۋاقىتتا، مەن قەلبىمنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدىن كېلىۋاتقان ‹چىڭ تۇر، قەتئىي چىڭ تۇر› دېگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلايمەن. شۇنىڭ بىلەن مەن چوقۇم بەرداشلىق بېرىمەن، چوقۇم جاۋابىنى چىقىرىمەن دەپ ئويلىدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.




ئادەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرغان كىشىلەر بولۇپ، مەيلى قانچىلىك ئېغىر قىيىنچىلىققا، زەربىگە ئۇچرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ھامان كۈچلۈك ئىرادە ۋە ئېتىقاد بىلەن ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىچە چىڭ تۇرىدۇ. ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ تۇرمۇش، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتلىرىدە خىلمۇ خىل قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. پەقەت قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، قىيىنچىلىقنى تىرىشىپ ھەل قىلغاندىلا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىلاردا كىچىكىدىن «قەتئىي داۋاملاشتۇرغاندىلا، مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ» دەيدىغان ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ئاسانلا ۋاز كەچمەيدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com






# مىنا

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كىچىك ئورۇندۇق، ئويۇنچۇق، قۇرۇق قاپ، بور

ئويناش ئۇسۇلى

1. كەڭرەك بوش يەر تېپىپ، ئارىلىقى بەش مېتىر كېلىدىغان ئىككى پاراللېل سىزىق سىزىمىز.
2. ئويۇنچۇق، قۇرۇق قاپلارنى پاراللېل سىزىق ئىچىگە خالىغانچە قويۇپ، «مىنا» قىلىمىز.
3. بالىغا كىچىك ئورۇندۇقنى كۆتۈرگۈزۈپ، ئۈستىگە بىر تال ئويۇنچۇق قويۇپ قويىمىز. بالا ئورۇندۇقنى كۆتۈرۈپ مىنا رايونىدىن ئۆتۈپ قارشى تەرەپكە بارىدۇ، بۇ جەرياندا ئورۇندۇق ئۈستىدىكى ئويۇنچۇق چۈشۈپ كەتسە بولمايدۇ.
4. يېڭى باشلىغاندا ئويۇنچۇق چۈشۈپ كەتسە ئېلىپ بەرسەك بولىدۇ، ئەمما ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن قائىدىگە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ.



# سەۋزە يۇلۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئويۇنچۇق سەۋزە، گۆمبىمەدەك قاتارلىقلار

ئويناش ئۇسۇلى

1. كەڭرى يەرگە ئىككى تال سىزىق سىزىپ، بىر بېشىغا ئويۇنچۇق سەۋزە، گۆمبىمەدەكلەرنى تىزىپ، بالىنى ئويۇنچۇقلارنىڭ قارشىسىدا تۇرغۇزىمىز.

2. كىمنىڭ ئەڭ بۇرۇن بىر پۇتلاپ سەكرەپ بېرىپ، ئويۇنچۇقنى ئېلىپ، قايتىپ كېلەلەيدىغانلىقىدا مۇسابىقىلىشىمىز.

3. يەنە بىر پۇتىنى يەرگە قويۇۋېلىشقا بولمايدۇ، بولمىسا ئۇتتۇرغان بولىدۇ.





بالىلار قىينچىلىقلارنى قەتئىي بوشاشماستىن يەڭگەندىلا، ئاندىن ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. بالىلار قىينچىلىققا ئۇچرىغاندا ئاتا - ئانىلار ئۇلارنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك، قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، تىرىشىپ ئامال تاپقاندىلا، ئىشلارنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بالىلار تىرىشچانلىق ئارقىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلغاندا، ئۇلاردا مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ، بۇ خىل مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ كېيىن قىينچىلىققا ئۇچرىغاندا باتۇرلۇق بىلەن قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىغا مەدەت بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ماختاش باللارنى ئۆزگە ئىشىنىدىغان قىلىدۇ




كارل ۋېتىر كىچىك كارلنىڭ كەيپىياتىنى كۆزىتىشكە ماھىر ئىدى. ئۇ دائىم مۇۋاپىق پەيتىنى تېپىپ، كىچىك كارلنى يېتەكلەيتتى. كىچىك كارل يېزىقچىلىقنى يېڭى ئۆگىنىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا، ئۆزىگە ئازراقمۇ ئىشەنچىسى يوق ئىدى. ئۇ مىگبىر جاپادا يېزىپ پۈتتۈرگەن تۇنجى ماقالىسىنى دادىسىغا بەرگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىپادىلىنىۋاتقان جىددىيلىك ۋە ئەندىشىدىن، گويا ئۇ دادىسىنىڭ سوراق قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى. كارل ۋېتىر سەزگۈرلۈك بىلەن ئۇنىڭ بۇ ئەندىشىسىنى بىلىۋالدى. ئۇ ماقالىنى كۆرۈپ بولدى. ماقالىنى ھەقىقەتەن ناچار دېيىشكە بولاتتى: مەسىلە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، جۈملىلەر راۋان ئەمەس، خاتا خەتلەرمۇ بەك كۆپ ئىدى. كارل ۋېتىر بۇ ماقالىنى قانداق باھالاش ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدى. ئۇ كىچىك كارلنىڭ يېزىقچىلىق جەھەتتە ئۆزىگە ئىشەنچىسى يوقلۇقىنى ھېس قىلغانىدى، شۇڭا ئاددىي بىر ئېغىز «بولماپتۇ» دېگەن سۆزنى دەپ قويۇش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. كىچىك كارلنىڭ كۆزلىرىدىن ئەندىشە، ئىشەنچسىزلىك بىلىنىپ تۇراتتى. ئەمما ئويلىمىغان يەردىن كارل ۋېتىر ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان مۇنۇ بىر جۈملە سۆزنى قىلدى: «بەك ياخشى بوپتۇ، بۇ سېنىڭ تۇنجى قېتىم بىر نەرسە يېزىشىڭ، مەن يېزىقچىلىقنى يېڭى باشلىغاندا سەنچىلىكمۇ يازالمىغان ئىدىم.»

دادىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كىچىك كارل ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي كىچىك كارل ئىككىنچى ماقالىسىنى يېزىپ چىقىدۇ، بۇ ماقالىسى ئالدىنقى قېتىمقىدىن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنەتتى.




بالىنىڭ قانداق ئادەتنى يېتىلدۈرۈشى چوڭ جەھەتتىن ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىنىڭ قايسى خىل قىلىقلىرىغا بەكرەك دىققەت قىلغانلىقى ۋە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىگە باغلىق بولىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ قايسى قىلىقىغا بەكرەك دىققەت قىلغان بولسا، بۇ خىل قىلىق بارا - بارا بالىنىڭ ئادىتى بولۇپ شەكىللىنىدۇ. چۈنكى باللار قانداق قىلىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشىشنى، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ياخشى ھەرىكەتلىرى ئاتا - ئانىسىنىڭ دىققىتىنى تارتالمىسا، ئۇلار بۇزۇش، گەپ ئاڭلىماسلىق قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئاتا - ئانىسىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىلار باللارنىڭ ياخشى تەرەپلىرىگە كۆپرەك دىققەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى ھەرىكەتلىرىنى ۋاقتىدا، مۇۋاپىق ماختاپ تۇرۇشى، ناچار قىلىقلىرىغا پەرۋا قىلماسلىقى كېرەك.






# سۇ ئىچىشتە بەسلىشىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 5 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئىستاكان

ئويناش ئۇسۇلى

1. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئورۇندىن تۇرغاندىن كېيىن بالىغا: «مەن سۇ ئىچىمەن، سەنمۇ ئىچەمسەن؟» دەيمىز.
2. بالىغا ئۆزىگە بىر ئىستاكان، بىزگە بىر ئىستاكان سۇ ئەكەلدۈرىمىز.
3. ئەگەر ئەينەك ئىستاكان بولسا، بالىغا ئىنتايىن سەگەك بولۇشىمىز، بالىغا قىزىق سۇ ئالدۇرماسلىقىمىز كېرەك.
4. بالا بىلەن سۇ ئىچىشتە بەسلىشىمىز. ھەر قېتىم ئىچىپ بولغاندىن كېيىن بالىنى ماختاشنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك.
5. سۇ ئىچىشتە بەسلىشىش ئارقىلىق بالىغا سۇ ئىچىشنى ئادەت قىلدۇرۇشىمىز، بالا كىچىك ۋاقتىدا ھەرگىزمۇ بازارنىڭ ئىچىملىكلىرىنى بەرمەسلىكىمىز كېرەك.



ئويۇننىڭ مۇھىم نۇقتىسى

بىزدە ئۇسسىمىغاندا، ياكى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندا سۇ ئىچىدىغان ئادەت يوق. لېكىن بۇ ئادەتنىڭ سالامەتلىككە پايدىسى ناھايىتى كۆپ. شۇڭا بالىنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپلا سۇ (سوۋۇتۇلغان قايناق سۇ ئىچىشى كېرەك، دەملەنگەن چاي ياكى قايىنتىلمىغان تۇرۇبا سۈيى بولمايدۇ) ئىچىشكە ئادەتلەندۈرۈش كېرەك.

www.uyghurkitap.com

# كېلىشىملىك ئويۇن ئويناش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. هازىرقى بالىلارنىڭ ھەممىسى ئېلېكترونلۇق ئويۇنغا قىزىقىدۇ، مەيلى يانفون ئويۇنلىرى بولسۇن ياكى كومپيۇتېر ئويۇنلىرى بولسۇن. ئاتا ـ ئانىلار مۇنداقلا چەكلەش ئارقىلىق ئۇلارنى توسالمايدۇ، ياخشىسى يەنىلا بالا بىلەن كېلىشىم تۈزۈش كېرەك.

2. بالا بىلەن بىرلىكتە قائىدە تۈزۈش، مەسىلەن: ھەر كۈنى پەقەت ئىككى قېتىملا ئويۇن ئويناش، چۈش ۋە كەچتە بىر قېتىمدىن، ھەر قېتىمدا يىگىرمە مىنۇتتىن ئېشىپ كەتمەسلىك، ۋاقت توشقان ھامان ئۈچۈرۈش دېگەندەك.



3. ئەگەر بالا بىر قېتىم قائىدىگە خىلاپلىق قىلسا، شۇ ھامان تېگىشلىك جازاغا تارتىش، ئاتا ـ ئانىلار ئىجرا قىلىشتا قەتئىي بولۇشى، باغرى يۇمشاقلىق قىلماسلىقى كېرەك.

4. ئاتا ـ ئانىلار مۇۋاپىق دەرىجىدە بالا بىلەن مۇرەسسە قىلسا بولىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا بالىنىڭ شۇ بىر مەيداننى ئويناۋېتىپ، ئاندىن كومپيۇتېرنى ئۈچۈرۈشىگە يول قويۇش.

5. بالا ھەر كۈنى قائىدىگە رىئايە قىلسا، ئۇنى ماختاش، قۇچاقلاپ قويۇش كېرەك.



بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ماختىشى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ توغرا قىلغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ بۇ خىل ھەرىكىتىنى كۈچەيتىدۇ، ئاخىرىدا ئادەت بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ماختىشى بالىلارنىڭ ئىززەتلىنىش ۋە ماختىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. ماختاشنىڭ بالىلارنى ھاكاۋۇر، قانائەتچان قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىمەسلىك كېرەك، چۈنكى مۇۋاپىق ماختاش بالىلارنى سىز ماختىغان يۆنىلىشكە قاراپ تىرىشىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

# ئەڭ ياخشى قىلغۇچە تىرىشىش




كارل ۋېتىر ۋاقتى بولسىلا بالىسىنى ئېلىپ ھاۋا يېگىلى چىقاتتى. كىچىك كارل بەش ياشقا كىرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە كارل ۋېتىر بالىسىنى ئېلىپ سەيلە قىلغىلى چىقتى. كىچىك كارل رەسىم سىزىدىغان سايمانلارنى ئېلىۋالغانىدى. ئۇلار ئۆيىنىڭ يېنىدىكى تاشكۆۋرۈكنىڭ يېنىغا كەلدى. كىچىك كارل سايمانلارنى ئېلىپ رەسىم سىزىشقا كىرىشىپ كەتتى، كارل ۋېتىر ئەتراپتىكى گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھۇزۇرلاندى. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن كىچىك كارل ئۆزى سىزغان رەسىمنى دادىسىغا كۆرسەتتى. ئومۇمەن ئېيتقاندا رەسىم ئىنتايىن ئەپچىللىك بىلەن نەپىس سىزىلغان ئىدى. بەش ياشلىق بالىغا نىسبەتەن بۇ رەسىم ناھايىتى ياخشى چىققان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بىر قىسىم كەمچىلىكلەر بار. كارل ۋېتىر بالىسىغا: «نېمىشقا رەسىمىڭدىن سەن دېگەن تۇيغۇنى ھېس قىلالمايمەن؟ سەن ماڭا سۇنىڭ رەڭگى ئاپئاپىقا قارىغاندا كۆلەڭگىدە قېنىقراق بولىدۇ، كۆلەڭگىدىكى سۇ قېنىق يېشىل رەڭدە بولىدۇ دېگەنتىڭ، لېكىن رەسىمىڭدە بۇلارنى كۆرمىدىمغۇ؟» دېدى.

كىچىك كارل دادىسىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ قايتىدىن قىرغاقتا بېرىپ سىزىشقا باشلىدى. گەرچە ئىككىنچى رەسىمدە يەنىلا بىر قىسىم يېتەرسىزلىكلەر بولسىمۇ، لېكىن دادىسىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. لېكىن كىچىك كارلنىڭ يەنە تېخىمۇ ياخشى سىزغۇسى بولغاچقا، يەنە سىزىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئاللىقاچان قايتىدىغان ۋاقىت بوپ بولغان بولسىمۇ، كىچىك كارل يەنىلا رەسىم سىزىۋاتاتتى. خېلى ئۇزۇندىن كېيىن كىچىك كارل سىزغان رەسىمنى دادىسىغا كۆرسىتىۋېدى، كارل ۋېتىر رەسىمگە قاراپ قېتىپلا قالدى. كىچىك كارل سىزغان رەسىمدە كۆلەڭگىدىكى سۇنىڭ رەڭگى خۇددى كۆك ياقۇتقا ئوخشاش گۈزەل ئىدى، رەسىممۇ كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك دەرىجىدە چىرايلىق ئىدى.

قايتقۇچە كارل ۋېتىر ئوغلىدىن: «ئىككىنچى قېتىم سىزغان رەسىمىڭ خېلى ياخشى چىققان، نېمىشقا يەنە سىزىشنى ئويلاپ قالدىڭ؟» دەپ سورىدى، كىچىك كارل دادىسىغا: «سەن ماڭا ھەممە ئىشنى مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلىش كېرەك، دېمىگەنمىتىڭ؟» دەپ جاۋاب بەردى.




كارل ۋېتىر كىچىك كارلنىڭ ماتېماتىكا، تىل، رەسىم قاتارلىق تەرەپلەردە مۇكەممەل، كەم - كوتىسىز بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى، بولۇپمۇ بەدىئىي ئەسەر ئىجادىيىتىدە تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. شۇڭا كىچىك كارل قانداقلا ئىش قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئەڭ ياخشى قىلغۇچە تىرىشاتتى، بۇ دەل ئۇنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىنكى ئۇتۇقلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل ئىدى. ئۇتۇق قازانغان ئادەم بولۇش ئۈچۈن قىلچە بىخەستىلىك قىلمايدىغان، مۇكەممەللىككە ئاخىرىغىچە ئىنتىلىدىغان روھ بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىنى ئويلىسا بالىلارغا تەلەپنى قاتتىق قويۇشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قەلئە ياساش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كۇبىك

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىغا ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە كۇبىكتىن قەلئە ياساتقۇزىمىز.

2. ياندا تۇرۇپ، بالىدىن قايسى خىل قەلئە سېلىشنى، قانداق سېلىشنى ئويلىغانلىقىنى سوراپ بالىغا يېتەكچىلىك قىلساق بولىدۇ، ئەمما بەك كۆپ پىكىر بېرىپ كەتمەسلىكىمىز لازىم.

3. بالىلار قەلئەنى ياساپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى باھالاپ، قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ياخشى ياسىغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىپ، بالىنىڭ ياساش جەريانىدىكى مەسىلىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىمىز.

4. بالىغا يەنە بىر قېتىم سىناپ بېقىشنى ئېيتىمىز، ئامال بار ياساتقۇزىمىز.

ئويۇننىڭ مۇھىم نۇقتىسى

بالا ئۆز ئىجادىيىتىنى تەكرار ياساش ياكى ياساپ بولغاننى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىش قىلغاندا مۇكەممەللىكنى قوغلىشىدىغان، قولىنىڭ ئۇچىدىلا قىلىپ قويمايدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرىدۇ.



# قايسى رەسىم ياخشى

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: رەسىم، رەسىم قەلىمى، ئېزىلاش قەغىزى

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئېزىلاش قەغىزىنى رەسىمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، بالىغا ئاستىدىكى رەسىمنى ئېزىلىتىمىز.

2. بالا سىزىپ بولغاندىن كېيىن، رەڭ بەرگۈزىمىز.

3. بالىنى ئېزىلاپ سىزىپ چىققان رەسىمنى قويۇپ قويۇپ تۇرۇپ، رەسىمگە قاراپ تۇرۇپ يەنە بىرنى سىزغۇزىمىز.

4. ئېزىلاپ سىزغان رەسىم بىلەن قاراپ سىزغان رەسىمنى بىر يەردە قويۇپ، بالىغا قايسىسىنىڭ ياخشى بولغانلىقىنى ئايرىغۇزىمىز.





بالىلارنىڭ ھەممىسىدە يېڭىشكە ئىنتىلىش پسىخىكىسى بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ بۇ خىل پسىخىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلاردا ھەرقانداق ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرسە بولىدۇ. ئادەتتە بالىلارنى تۇرلۇك مۇسابىقىلەرگە قاتناشتۇرۇش ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى قىلىشقا ئىنتىلىش روھىنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، يەنە بالىلارنىڭ باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپرەك كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىنى تېپىۋېلىشىغا، شۇنداقلا تىرىشىپ ئۆزگەرتىشكە ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com



# بالىلارنىڭ چىدامچانلىقىنى يېتىلدۈرۈش




كىچىك كارل كارىۋات ئۈستىدە مىدىرلىيالايدىغان ۋاقىتتىن باشلاپلا كارل ۋىتىر ئەر - خوتۇن ئۇنىڭ چىدامچانلىقىنى مەشىق قىلدۇرغان. ئاپىسى ئاۋۋال ئۇنىڭ دىققىتىنىڭ داۋاملىشىشچانلىقىنى مەشىق قىلدۇرغان. ئاپىسى لاتىدا ياسالغان سېرىق رەڭلىك ئاسلانغا ئوخشاش ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان، قىزىقىشىنى قوزغايدىغان ئويۇنچۇقلارنى ئىشلەتكەن. ئاپىسى ئاۋۋال ئاسلانچاقنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويغاندىن كېيىن ئوڭ - سول ئىككى تەرەپتىن ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ، ئۇنىڭدا قىزىقىش پەيدا بولغاندىن كېيىن ئاسلاننى ئۇ قولىنى سوزسا يەتكۈدەكلا يەرگە قويۇپ ئۇنى قىزىقتۇرىدۇ. ھەر قېتىم كىچىك كارل تۇتالماي يالتىيىپ قالغاندا، ئاپىسى ئۇنىڭ پۇتىدىن ئىتتىرىپ: «كۈچە! كۈچە!» دەيدۇ. كىچىك كارل ئاپىسىنىڭ رىغبىتى بىلەن ئاخىرى ئاسلاننى تۇتىدۇ. ئاپىسى ئالقىشلاش ۋە سۆيۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ، كىچىك كارلغا تىرىشىشنىڭ، غەلىبىنىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. كىچىك كارل ئۆملىيەلەيدىغان بولغاندا، ئاپىسى مەشىقنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ، ئۇ ئويۇنچۇقنى تۇتاي دەپ قالغاندا، تېخىمۇ يىراقراق يەرگە يۆتكەپ قويۇپ، ئۇنى داۋاملىق ئۆملەپ، ئويۇنچۇقنى ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.




كارل ۋىتىر كىچىك كارلغا چىدامچانلىقنى، تىرىشچانلىقنى مەشىق قىلدۇرۇشنى ئەزەلدىن توختىتىپ باقمىغان. كىچىك كارل بىلىم ئۆگىنىشنى باشلىغاندا، كارل ۋىتىر يەنىلا ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن ئۇنىڭدا قەتئىي بوشاشمايدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرگەن. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى كىچىك كارلدا ئىش قىلغاندا قەتئىي بوشاشمايدىغان ئادەت شەكىللىنىدۇ. بالىنىڭ چىدامچانلىقىنى يېتىلدۈرۈشتە، ئاتا - ئانىلار بالىلارغا ياردەم قىلىپ چوڭ نىشاننى بىر قانچە كىچىك باسقۇچ خاراكتېرلىك نىشانلارغا بۆلۈپ بېرىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۆزۈكسىز تىرىشچانلىقىنى كۆزىتىپ، نىشانلارنى بىردىن - بىردىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرقى نىشانغا يەتسە بولىدۇ. بالىلارنىڭ چىدامچانلىقىنى يېتىلدۈرۈش جەريانىدا، ئاتا - ئانىلار بالىلارنى دائىم رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇشى، بالىلاردىكى پىسخىكىلىق بېسىمنى يېنىكلىتىپ، بالىلارنىڭ قىزغىنلىق بىلەن قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، بوشاشماي تىرىشىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.






# شارچە قىسىش ئويۇنى

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قەغەز شارچە، سولياۋ شارچە، ئەينەك شارچە، چوكا

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئائىلە باشلىقلىرى ئالدى بىلەن قەغەزنى يۇمىلاق قىلىپ شارچە ياساپ يەڭگىل، ئەپلىك بېشى تەرەپتە قىسىدىغان ئويۇقچىسى بار چوكا تەييارلاپ، بالىغا نەرسىلەرنى قىسىشنى مەشىق قىلدۇرسا بولىدۇ.

2. بالا قەغەز شارچىنى قىسىشقا پىششىق بولغاندىن كېيىن، بالىغا سولياۋ شارچە بىلەن ئەينەك شارچىلارنى قىسىپ بېقىشنى ئۆگىتىش.

3. بالا ئەينەك شارچە بىلەن سولياۋ شارچىنى ئوبدان قىسالايدىغان بولغاندا ئالاھىدە ياسالغان چوكىنىڭ ئورنىغا ئادەتتىكى چوكىنى ئالماشتۇرۇپ مەشىق قىلدۇرۇش.

4. بۇ خىل ئويۇن بالىلارنىڭ قول مۇسكۇلىنىڭ ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرىدۇ، يەنە ئۇلارنىڭ قولى بىلەن كۆزىنىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارى، دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش، قىيىنچىلىقنى يېڭىدىغان جاسارىتىنى ۋە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرىدۇ.



# قەغەز پارچىسى تېرىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قەغەز پارچىسى، شازا

ئويناش ئۇسۇلى

1. باللارنىڭ ھەممىسى قەغەز يىرتىپ ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاتا - ئانىلار باللارنى قەغەز يىرتقۇزسا بولىدۇ، ئەمما ئالدىن باللارغا يىرتقان قەغەزنى تېرىپ ئەخلەتساندۇقىغا تۆكۈۋېتىشنى ئېيتىپ قويۇشى كېرەك.

2. باللىنى قەغەز پارچىلىرىنى ئۆزى تېرىپ بىر يەرگە يىغىپ، ئاندىن شازىغا سېلىپ، ئاخىرىدا ئەخلەت تۇڭىغا تۆكۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

3. قەغەز پارچىلىرى بەك كۆپ بولغانلىقتىن باللار ھەممىنى تېرىپ بولغۇچە سەۋر قىلىپ بولالماسلىقى مۇمكىن، شۇڭا ئاتا - ئانىلار باللارغا ۋاقتىدا ئىلھام بېرىپ تۇرۇشى كېرەك.



# توپ تالىشىش



ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: توپ

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بىللە توپ ئۇرۇپ ئويناش، ئەڭ ياخشىسى بۇ ئويۇننى كەڭرى يەردە ئويناش كېرەك.

2. چوڭلار توپنى ئېلىپ يەرگە ئۇرۇپ بالىغا توپنى تالىشىشنى ئېيتىدۇ، بالا تارتىۋالغاندىن كېيىن، داۋاملىق ئۇرىدۇ، ئاندىن چوڭلار كېلىپ تالىشىدۇ.

3. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى تالىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، مۇۋاپىق دەرىجىدە قىينىلاشتۇرۇش، ئەمما ئۇزاققىچە بالىنى تالاشتۇرۇۋەرمەسلىك كېرەك. بۇنداق بولغاندا بالىنىڭ ئاكتىپلىقىغا زەربە بولۇپ قالىدۇ.



بالىلار بالىلىق ۋاقتىدا دىققىتىنى بىر ئىشقا ئۇزاققىچە بېرەلمەيدۇ، ئۇلار دائىم ھېچبىر نىشانسىزلا بىر ئىشتىن يەنە بىر ئىشقا يۆتكىلىدۇ، دىققىتى ئاسانلا چېچىلىپ كېتىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ چىدامچانلىقىنى چېنىقتۇرغاندا قىزىقارلىق، بالىلارنىڭ دىققىتىنى تارتالايدىغان، بالىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدىغان نەرسىلەرنى تاللاش كېرەك. بالىلارنى مەشىق قىلدۇرغاندا ئاتا ـ ئانىلار ھەدېسىلا باغرى يۇمشاقلىق قىلىپ بالىلار بىلەن مۇرەسسە قىلىپ يول قويماسلىقى، بالىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغۇزۇشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

# 5 - بۆلەك

## ئادەت تەربىيەسى

### 3. ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىش

مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارى ھەممە ئىقتىدارلارنىڭ ئاساسى. ئەگەر بالا تۇرمۇشتىكى ئىشلارنىمۇ ئۆز ئالدىغا بىر ياقلىق قىلالمىسا، كېلەچەكتە ئۇ چوڭ ئىشلارنى قىلالمايدۇ، ھەتتا ئادەتتىكى ئادەملەرگىمۇ يېتەلمەسلىكى مۇمكىن. بالىغا مۇستەقىل ياشاشنى ئۆگىتىش بالىغا ھەقىقىي كۆيۈنگەنلىك ۋە ئاسرىغانلىق. كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش بالىغا قويۇلىدىغان ئەڭ ئاساسىي تەلەپ. بالىغا ھەددىدىن زىيادە كۆيۈنۈش بالىنى يارامسىز قىلىپ قويىدۇ. بۇ بالىنى جاپاغا قويۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.





# باللارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ئۆزىگە ماس بولۇشى كېرەك




بەزى ئاتا - ئانىلار ياسىنىشنى، يېڭى، ئۆزگىچە كىيىملەرنى كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. چىرايلىق ياسىنىپ كوچىلارغا چىقسا، باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ: ئەمما بەزى ئاتا - ئانىلار ئۆزىنى تۈزەشتۈرمەيدۇ، ھۆرۈنلۈقىدىن ئۈستىبېشى قالايمىقان تۇرغاچقا، باشقىلار مەسخىرە قىلىدۇ. باللار باشقىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ئوڭايسىزلىنىدۇ. بۇ باللارنىڭ پسىخىكىسىغا يامان تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ.

مەلۇم بىر ئاپا قىزىنى قىزلار مەكتىپىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ئاياپ يەپ، تېجەپ ئىشلىتىپ، قىزىغا ھەر خىل قىممەت، مودا كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ قىزى قىلچىمۇ مىننەتدار بولماپتۇ. بىر قېتىم بۇ قىزچاق كارل ۋېتىرغا مۇنداق دەيدۇ: «ئاپام مېنى دائىم غەلىتە كىيىندۈرۈپ قويىدۇ، باشقىلار مېنى مەسخىرە قىلىدۇ. مەن بەك خىجىل بولۇپ كېتىمەن. تۆت ياش ۋاقتىمدىن باشلاپلا بۇنداق كىيىشنى خالىمايتتىم» دەپتۇ.

كارل ۋېتىرنىڭ ئايالى كارل ۋېتىرغا: «ئاپا بولغۇچى بۇنداق قىلماسلىقى كېرەك، گەرچە ئۇ قىزىغا ياخشى بولسۇن دەپ شۇنداق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا قىزىنىڭ ھۆرمىتىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. بەلكىم كىشىلەر ئۇنىڭ قىزىنى رەھىمسىز دەپ ئەيىبلىشەر، لېكىن ھېس قىلىشىمچە، گەرچە بۇ ئاپا قىزىغا نۇرغۇن ئەجىر قىلغان، قىزىنى قىزلار مەكتىپىگە ئاپىرىپ بەرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئاپا بولۇش مەجبۇرىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلالماپتۇ» دەپتۇ.




قانداق كىيگەندە باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، ھېچبولمىغاندا باشقىلارنى بىزار قىلىپ قويمايدۇ؟ كىيىم قانچە قىممەت، قانچە مودا بولسا باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە شۇنچە ئېرىشىدىغان ئىش يوق، پەقەت كىيىم - كېچەكلىرى پاكىز، رەتلىك، يارىشىملىق، كىيىنىشى ئۆزىگە لايىق بولغاندىلا، باشقىلاردا ياخشى تەسىر قالدۇرىدۇ. ئاتا - ئانىلار باللارنىڭ ئۈلگىسى ۋە نەمۇنىسى، ئاتا - ئانىلارنىڭ كىيىنىش ئۇسۇلى باللارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۆزىگە لايىق، جايىدا كىيىنمىسە، باشقىلار مەسخىرە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۈستىبېشى رەتسىز كىشىنىڭ كەيپىياتى تۇراقسىز، چېچىلاڭغۇ بولىدۇ، چېچىلاڭغۇلۇقتىن ئىبارەت بۇ يامان ئادەت ئۆمۈرۋايەت چاپلىشىۋالىدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىلار چوقۇم باللارنى ئۆزىگە ماس كىيىندۈرۈشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com








# چاپان كىيىشنى ئۆگىنىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: چاپان

ئويناش ئۇسۇلى

1. چاپاننى كىيىم ئاسقۇچتىن ئېلىپ، تۈگمىلىرىنى ئېچىپ، ئالدى پەشلىرىنى قايرىش.

2. سول قول بىلەن ئوڭ پەشنى تۇتۇپ، ئوڭ يەڭنى سىيپىش.

3. ئوڭ قولغا ئوڭ يەڭنى سىيپىپ بولغاندىن كېيىن، سول قولنى قويۇۋېتىپ، ئاندىن ئوڭ قول بىلەن سول پەشنى تۇتۇپ، سول يەڭنى سىيپىش.

4. ئىككى پەشنى جۈپلەپ تۈگمىنى ئېتىپ، بىر ياقتىن ئەينەككە قارىغاچ، بىر ياقتىن كىيىمنى تۈزەشتۈرۈش، ئەگەر چاپاننىڭ ئىچىدىكى كىيىم ئۇزۇن يەڭلىك بولسا، قول بىلەن ئىچ كىيىمنىڭ يېڭىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ ئاندىن چاپاننىڭ يېڭىنى سىيپىش.



# چاپان ئېسىشنى ئۆگىنىش

**ماس كېلىدىغان يېشى:** 2 ~ 6 ياشقىچە

**كېرەكلىك نەرسىلەر:** چاپان، كىيىم ئاسقۇچ

**ئويناش ئۇسۇلى**

1. كىيىم ئاسقۇچنى ئالدىغا ئەكېلىپ قويۇپ، چاپاننىڭ ئوڭ - سول ئىككى پېشىنى قايرىش.
2. كىيىم ئاسقۇچنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئايرىم - ئايرىم چاپاننىڭ ئىككى مۈرىسىگە كىرگۈزۈپ، چاپاننىڭ ئىككى پېشىنى جۈپلەپ تۈگمىنى ئېتىش.
3. ئاسقۇچنى ئىلمەككە ئېسىش.
4. ئېگىزگە يامىشىپ يىقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بالىلارغا ئېگىزلىكى مۇۋاپىق بولغان ئىلمەك تەييارلاپ بېرىشى كېرەك.



www.uyghurkitap.com

# بانتىك چىگىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئۇزۇن لېنتا

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئوڭ قول بىلەن سول تەرەپتىكى لېنتىنى ئوڭ تەرەپكە ئەكېلىش.

2. سول قول بىلەن ئوڭ تەرەپتىكى لېنتىنى سول تەرەپكە ئەكېلىش.

3. ئىككى تال لېنتىنى ئۆز ئارا ئۆتۈشتۈرۈپ، ئوڭ قول بىلەن ئۈستىدىكى لېنتىنى ئۆتۈشتۈرگەن نۇقتىسىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ، سول قول بىلەن تۇتۇۋېلىپ ئاندىن ئوڭ - سولغا تارتىش.

4. سول تەرەپتىكى لېنتىنى چەمبەرسىمان ئايلاندۇرۇپ، باش بارماق ۋە كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن چىڭ تۇتۇش.

5. ئوڭ تەرەپتىكى لېنتىنى چەمبەرنىڭ ئۈستىدىن بىرنى ئايلاندۇرۇپ ئاندىن يېڭىدىن ئايلاندۇرغان چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكۈزۈش.

6. ئىككى قول بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن لېنتىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بىرلا ۋاقىتتا ئوڭ - سول ئىككى تەرەپكە تارتقاندا كېيىنەك بانتىك چىگىلىدۇ.





ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئۈلگىسى. مەيلى كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكتە بولسۇن ۋە ياكى تۇرمۇش ئادەتلىرىدە بولسۇن، بالىلار ھەر دائىم ئاتا - ئانىلىرىدىن ئۈلگە ئالىدۇ. ئاتا - ئانىلاردىكى ياخشى ئادەت بالىلاردا كىچىكىدىن باشلاپلا ياخشى تۇرمۇش ئادىتى يېتىلدۈرىدۇ. بالىلارغا كىيىم كىيدۈرۈشنى ئۆگىتىش بىر قەدەر قىيىن، ئەمما ئاتا - ئانىلار چوقۇم سەۋرچان بولۇشى، بالىلار بىر - ئىككى قېتىمدا ئۆگىنەلمىسە ۋازكەچمەسلىكى كېرەك. بۇ ھەم بالىلارنىڭ ئىنچىكە ھەرىكەتلەرنى قىلىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرىدىغان ياخشى پۇرسەت.

# پاكىز بالا كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدۇ




ئاپىسى كىچىك كارلنىڭ تازىلىقىغا بەك دىققەت قىلاتتى. كىچىك كارلغا بىر ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا قول يۇيۇشنى، يۈز يۇيۇشنى، يۇيۇنۇشنى، ئەتىگەندە تۇرغاندا، ئاخشامدا ئۇخلاشتىن بۇرۇن، كەمپۈت يېگەندىن كېيىن، پىرەنىك، تاتلىقلارنى يېگەندىن كېيىن چىش چوتكىلاشنى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قول ياغلىق بىلەن بۇرنىنى ئېرتىشنى ئۆگەتكەنىدى. كىچىك كارلنىڭ ئاپىسى ئىشلارنىڭ چېكىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان بولغاچقا، كىچىك كارلدا يۈزلىرىنى بويايدىغان، كىيىم تاللايدىغان، ياسىنىپ چىرايلىق بولۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ قويمىغان ئىدى.

كارل ۋېتىر بالىسىدا كىچىكىدىن باشلاپلا يۇيۇنۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەت يېتىلدۈرگەن. ناۋادا سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇپ كەتسە، باللار يۇيۇنۇشنى خالىمايدۇ. شۇڭا كارل ۋېتىر دەسلىپىدىلا سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرۈشكە بەك دىققەت قىلاتتى. كارل ۋېتىر ئەر- خوتۇن ئىككىسى كىچىك كارلنى ھەر كۈنى يۇيۇندۇرۇپ، پۇتلىرىنى ئۇۋۇلاپ قوياتتى. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ سېزىمچانلىقى تەرەققىي قىلىپلا قالماي، قان ئايلىنىشمۇ ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ساغلام بولاتتى.




ياخشى تازىلىق ئادىتى ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق ئىش. ياخشى تازىلىق ئادىتى باللارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە باللارنىڭ غۇرۇرىنى ساقلاشقىمۇ پايدىلىق. بۇ يەنە باللار پسىخىكىسىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بوۋاقلىق، باللىق مەزگىلى باللاردا ياخشى تازىلىق ئادىتى يېتىلدۈرىدىغان مۇھىم مەزگىل. باللارنىڭ بۇ مەزگىلدە يېتىلدۈرگەن ياخشى ئادىتى ئۇلارغا ئۆمۈرۋايەت نەپ بېرىدۇ. قول يۇيۇش، يۈز يۇيۇش، چىش چوتكىلاش، يۇيۇنۇش قاتارلىق ئادەتلەرنى باللار باللىق مەزگىلدە چوقۇم يېتىلدۈرەلەيدۇ. ئاتا- ئانىلار باللار يېڭى باشلىغاندا ياخشى قىلالمىسا، بالىغا ئىچى ئاغرىپ ھەممىنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىۋالماسلىقى كېرەك، بۇ باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تولىمۇ پايدىسىز.

www.uyghurkitap.com








# تاماقتىن بۇرۇن، ھاجەتتىن كېيىن قول يۇيۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: **1 ~ 6 ياشقىچە**

ئويناش ئۇسۇلى

**1.** بالىغا ئاۋۋال يەڭنى تۈرۈپ، جۈمەكنى ئېچىپ قولنى يۇيۇشنى، ئاندىن جۈمەكنى ئېتىشنى ئۆگىتىش.

**2.** ئىككى قولىغا سوپۇن سۈركەپ، ئىككى قولنىڭ ئالقىنى، دۈمبىسى، بارماقنىڭ ئۇچى، تىرناقلارنىڭ ئارىسىنى ئۇۋۇلاپ يۇيۇشنى ئۆگىتىش.

**3.** ئاندىن يەنە جۈمەكنى ئېچىپ، قولنى پاكىز چايقاپ، جۈمەكنى ئېتىپ، لۆڭگە بىلەن قولنى ئېرتىپ ، ئاندىن يەڭنى چۈشۈرۈشنى ئۆگىتىش.

**4.** دەسلەپتە ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، بىر ياقتىن قىلىپ بىر ياقتىن چۈشەندۈرۈش، ئاندىن بالىغا مۇستەقىل قىلدۇرۇش، ئەگەر خاتالىق كۆرۈلسە ئەسكەرتىش كېرەك.

**5.** بالىغا تاماقتىن بۇرۇن، ھاجەتتىن كېيىن چوقۇم قول يۇيۇش كېرەكلىكىنى، ئويۇن ئويناپ بولغاندىن كېيىن قول يۇيۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىش لازىم. بالىغا قول يۇيۇشنى ئۆگىتىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن بالىنىڭ «سۇ ئويناش» ئارزۇسىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بالىلارنىڭ ئۆزىنىڭ تازىلىقىنى قىلىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرغىلى بولىدۇ.



# يۈزنى يۇيۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. يەڭنى تۈرۈپ، جۈمەكنى ئېچىش، سۇنى ئازراق چۈشۈرۈش.

2. ئىككى قولنى جۈپلەپ، ئازراق سۇ ئېلىپ، باشنى پەس قىلىپ، ئىككى ئالقان بىلەن ئېڭەكتىن باشلاپ پېشانىسىگىچە بىر قېتىم يۇيۇپ چىقىش.

3. يەنە ئازراق سۇ ئېلىپ، ھەرىكەتنى يەنە ئىككى قېتىم تەكرارلاش، لۆڭگە بىلەن يۈز، قولنى ئېرتىپ قۇرۇتۇش.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تىرناق ئېلىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: تىرناقئالغۇچ

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالا بىلەن بىرلىكتە «تىرناق ئېلىش» ناخشىسىنى ئېيتىمىز:

كىچىك قايچا ئاغزىنى ئاچتى،

بېلىق يەمدۇ، نان يەمدۇ؟

بېلىق يېمەيدۇ، نان يېمەيدۇ،

ئۇ «پالانچى» نىڭ تىرنىقىنى يەيدۇ.



2. بالىلارغا تىرناق ئۆسۈپ كەتسە ئېلىۋېتىش لازىملىقىنى، تىرناق ئارىسىغا باكتېرىيە كىرىۋېلىپ، ئادەمنى كېسەل قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىمىز.

3. بالىنىڭ تىرنىقىنى ئالغاندا، بالىغا چوڭلارنىڭ تىرناقنى قانداق ئالىدىغانلىقىغا ياخشى قاراشنى ئېيتىپ، بالىدا قورقۇنچنى يوقىتىپ، ئۇلاردا تىرناق ئېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

ئويۇننىڭ مۇھىم نۇقتىسى

بۇ ئويۇنلار قارىماققا ئويۇندەك بىلىنمەيدۇ. لېكىن ھەممە ئىشنى ناخشا قوشۇش، كۈلكىلىك ئىشقا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، بالىغا ھەممە ئىشنى خۇشاللىق بىلەن قىلغۇزغىلى، ئادەتكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.



تىرناقنىڭ ئارىسىغا ئاسانلا باكتېرىيە، قۇرت تۇخۇملىرى كىرىۋالىدۇ، تىرناق بەك ئۆسۈپ كەتسە ئۇنى پاكىز تازىلىغىلى بولمايدۇ. بالىلار نەرسىلەرنى قولى بىلەن تۇتۇپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەينەت نەرسىلەر ئېغىزغا كىرىپ، كېسەل بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار قەرەللىك ھالدا بالىلارنىڭ تىرنىقىنى ئېلىپ تۇرۇشى، بالىلاردا ئاكتىپلىق بىلەن تىرناق ئالدىغان ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

# باللارنىڭ مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش




كارل ۋېتىر ئەر - خوتۇن كىچىك كارلنىڭ مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى كىچىكىدىن باشلاپ يېتىلدۈرگەن بولۇپ، پەقەت كىچىك كارل قىلالايدىغانلىكى ئىش بولسا، ئەر - خوتۇن ئىككىسى ھەرگىز ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەيتتى. كىچىك كارل كىيىملىرىنى ئۆزى كىيسە دائىم تەتۈر كىيىۋالاتتى، ئەمما كارل ۋېتىر ئەر - خوتۇن ئەزەلدىن ئۇنى مەسخىرە قىلمايتتى، ئەيىبلىمەيتتى، بەلكى سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قانداق كىيىشنى ئۆگىتەتتى.

كىچىك كارل ئۆزى كىيىم كىيىشنى يېڭىدىن ئۆگىنىۋاتقاندا، كارل ۋېتىر ئەر - خوتۇن ئۇنىڭ سىناپ بېقىشىغا يول قوياتتى، ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپ قويمايتتى. كىچىك كارلنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭغا ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئۇ ئەزەلدىن كىچىك كارلنى ئالدىراتمايتتى، سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنىڭغا: «ئۆزۈڭ كىيەلەيسەن، ئالدىرىماي كىيگىن، كىيەلمىسەڭ ياردەم قىلىمەن، سەن چوڭ بولدۇڭ» دەيتتى.

ئەگەر كىچىك كارل «كىيەلمەيمەن» دەپ غەلۋە قىلسا، ئاپىسى پىسەنت قىلماي، داۋاملىق ئۇنى: «ئۆزۈڭ كىيەلەيسەن، قېنى كۆزۈمنى يۇمۇپ ئوننى سانىغىچە، قاراپ باقاي كىيەلەمسەن ياقمۇ؟» دەپ رىغبەتلەندۈرەتتى. ناۋادا كىچىك كارل كىيسە، ئاپىسى ئۇنى ماختايتتى. ئەگەر يىغلاپ داۋاملىق غەلۋە قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايتتى. كىچىك كارل يىغىسىنىڭ ئاپىسىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىيالمىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئامال يوق ئۆزى كىيەتتى.




باللارنىڭ مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ياشىشىنىڭ ئاساسى. باللار ئۆگىنىشكە تېگىشلىك مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ئېغىز چايقاش، كىيىم - كېچەك، ئاياغ - پايپاقلارنى مۇستەقىل كىيىپ، سېلىش، مۇستەقىل تاماق يېيىش، ئويۇنچۇقلارنى رەتلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باللاردا ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىدىغان ئادەت يېتىلدۈرۈش كېرەك. بۇنداق بولغاندا بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن مەسىلىلەرنى ئۆزى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ، باشقىلارغا يۆلىنىۋالمايدۇ. كىچىك باللارغا بۇ مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارلىرىنى ئۆگىتىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. ئۇلار ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئىشلار بەك كۆپ. ئۆگىنىش جەريانىدا ئازدۇر - كۆپتۇر ئوڭۇشسىزلىقلار بولۇشى مۇمكىن. ئاتا - ئانىلار باللارغا زېرىكمەي تېرىكمەي ئۆگەتسە، باللارمۇ تىرىشسا، بىلىدىغانلىرى بارا - بارا كۆپىيىدۇ.

www.uyghurkitap.com






# سىرتما ئېتىش

ماس كېلىدىغان يېشى: **3 ~ 6** ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: سىرتمىلىق چاپان

ئويناش ئۇسۇلى

**1**. سىرتمىنى ئېچىش: ئوڭ قول بىلەن ئالدى پەشنىڭ ئۈستى تەرىپىنى بېسىپ تۇرۇپ، ئوڭ قولنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى، باش بارمىقى بىلەن سىرتمىنىڭ ھالقىسىنى قىسىپ تۇرۇپ، ئاستا - ئاستا تۆۋەنگە تارتىش، ئوڭ قولغا ئەگىشىپ، سول قولنىمۇ تۆۋەنگە يۆتكەش؛ ئەڭ تۆۋەنگە چۈشكەندىن كېيىن، سول قول بىلەن سول پەشنى چىڭ تۇتۇپ، ئوڭ قول بىلەن ئوڭ پەشنى چىڭ تۇتۇپ يۇقىرىغا تارتىپ، سىرتمىنى ئوڭ - سول ئىككى تەرەپكە ئاجرىتىش؛ چاپاننىڭ پېشىنى ئوڭ - سول ئىككى تەرەپكە قايرىپ ئېچىش.

**2**. سىرتمىنى ئېتىش: ئوڭ - سول ئىككى پەشنى ئوتتۇرىغا ئەكېلىپ، ئاندىن ئوڭ پەشنىڭ ئۇچىنى سىرتما بېشىدىكى ئېرىقچىسىغا ئۈستىدىن ئاستىغا قارىتىپ كىرگۈزۈش؛ ئوڭ قول بىلەن ئوڭ پەشنى ئاستى تەرەپتىن تۇتۇپ تۇرۇپ، سول قول بىلەن سىرتما ھالقىسىنى چىڭ تۇتۇپ ئۈستىگە قارىتىپ ئاستا تارتىش.



# ئاياغ كىيىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: سەل چوڭراق ئاياغ

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاياغنىڭ ئوڭ - سولىنى مۇقىملاشتۇرۇش.

2. ئوڭ پۇتنىڭ ئايىغىنى ئېلىپ، ئوڭ پۇتنىڭ ئۇچىنى ئاياغنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ، قول بىلەن ئاياغنىڭ كەينىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، پۇتنى پۇتۇنلەي كىرگۈزۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا تاپاننى سىيپىش.

3. ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن يەنە بىر پاي ئاياغنى كىيىش.

4. يېڭى مەشىق قىلىشنى باشلىغاندا بالىغا بالىنىڭ پۇتىدىن چوڭراق ئاياغنى كىيدۈرۈش، بالىنىڭ بەك كۆچەپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك.



# قول ياغلىق يۇيۇش



ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قول ياغلىق، تەلەڭگە، سوپۇن

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىغا سۇ ئۆتمەس پەرتۇق تاقاپ، كىر قول ياغلىقنى سۇغا چىلاپ، ئاندىن تەكشى ئېچىپ، سوپۇن سۇرۇش.

2. قول ياغلىقنى ئىككى قول بىلەن چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۆزئارا سۇركەپ يۇيۇش.

3. يۇيۇپ بولغان قول ياغلىقنى سۇغا چىلاپ، سىقىۋېتىپ، يەنە بىر تەلەڭگىگە سېلىش.

4. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياردىمىدە يۇندىنى تۆكۈۋېتىپ، ئورنىغا پاكىز سۇ ئالماشتۇرۇپ، قول ياغلىقنى سۇغا چىلاپ ئۇۋۇلاپ يۇيۇپ، سىقىش.

5. قول ياغلىقنى تۈزلەپ، كىر يايغۇچقا يېيىپ قويۇش، كىر يۇيۇش جابدۇقلىرىنى رەتلەپ، پەرتۇقنى يېشىۋېتىپ قولنى سۈرتۈش.



ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى ئامال بار ئۆزىنىڭ قۇربى يەتكۈدەك ئىشلارنى ئۆزى قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك. ئۇ بىر مەسىلىگە يولۇققاندا، ھەرگىز بىۋاسىتە ئۆزى قول سېلىپ، ھەل قىلىپ بەرمەسلىكى، بەلكى بالىنى ئامال تېپىپ ھەل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك. بالىلار بىر قىيىنچىلىقنى ھەل قىلغاندا، بىر قەدەم ئىلگىرىلەيدۇ، ئاتا ـ ئانىلار ھەرگىز بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش پۇرسىتىنى تارتىۋالماسلىقى كېرەك.



# مۇستەقىللىق بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تېخىمۇ تېزلىتىدۇ




دادىسى كىچىك ۋاقتىدىلا تۈگەپ كەتكەن بىر بالا بار ئىكەن. مۇشۇ سەۋەبتىن بۇ بالىنىڭ ئانىسى بالىسىغا نەچچە ھەسسە ئارتۇق كۆيۈنىدىكەن، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىش قىلدۇرمايدىكەن، بالا تۆت ياشقا كىرگەندىمۇ ئۆزى تاماق يېگۈزۈپ، كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ قويىدىكەن. بالا خېلى چوڭ بولغاندىمۇ تاماقنى ئۆزى يېيەلمەيدىكەن، كىيىملىرىنى، ئايىغىنى ئۆزى كىيەلمەيدىكەن. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن قۇرداش باشقا بالىلار بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى ياخشى قىلالايدىكەن. بىرسى بۇ ئانىغا بۇ ئىشلارنى بالىنىڭ ئۆزىگە قىلدۇرۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىپتۇ، ئەمما بۇ ئانا ئەكسىچە: «ئوغلۇم مېنىڭ بارلىقىم، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق قۇربانلىق بېرىشكە رازى» دەپتۇ.




شۈبھىسىزكى، بۇ ئانىنىڭ قىلغىنى خاتا. ئۇ ئۆزىچە ئۆزىنى بالام ئۈچۈن ھەممىنى قىلىپ بەردىم، بالام ئۈچۈن ياخشى بولسۇن دېدىم، دەپ قارايدۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە ئۇ بالىسىغا زىيانكەشلىك قىلدى، بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش پۇرسىتىنى تارتىۋالدى، ھەتتا ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تۇنجۇقتۇرۇپ، چوڭ بولغاندىن كېيىن ھەرقانداق ئىشتا باشقىلارغىلا تايىنىدىغان كېرەكسىز ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. گەرچە بۇ ئانا بالىسى ئۈچۈن بارلىقىنى سەرپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ لاياقەتلىك ئانا ئەمەس، ئۇنىڭ بالىسىغا بولغان ئاتالمىش مۇھەببىتى ئەمەلىيەتتە بالىسىغا ئىچ ئاغرىتىش، خالاس. بۇنداق تەربىيەدە چوڭ بولغان بالا ئۆگىنىشنىمۇ خالىمايدۇ، ھېچقانداق ئىشنى قىلالمايدۇ. چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن باشقىلارغا يېتەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىدۇ، ئۆزىنى كەمسىتىش پسىخىكىسى پەيدا بولىدۇ. بۇنداق بالا كەلگۈسىدە جەمئىيەتكە ماسلىشالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com








# ئويۇنچۇق يىغىشتۇرۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ھەر خىل ئويۇنچۇقلار، ئويۇنچۇق ساندۇقى

ئويناش ئۇسۇلى



1. بالىغا ئويۇنچۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىپ پول ئۈستىگە تىزىشنى ئېيتىش.

2. ئاتا ـ ئانىلار بالىغا ئويۇنچۇقنى قانداق رەتلەشنى ئۆگىتىش، مەسىلەن: يۇگىلۇق ئويۇنچۇقلارنى قەيەرگە قويۇش، ماشىنا تۈرىدىكى ئويۇنچۇقلارنى قەيەرگە قويۇش، بارىبى قونچاقنى قەيەرگە قويۇش، كۇبىك، ھەرپلەر تىزمىسىنى قەيەرگە قويۇش، رەسىم سىزىش قوراللىرىنى قەيەرگە قويۇش، ھېكايىلەر توپلىمى، رەسىم توپلىمى قاتارلىقلارنى قەيەرگە قويۇش دېگەندەك.

3. بالىغا بۇ ئويۇنچۇقلارنىڭ ئورنىنى ئېسىدە تۇتۇۋېلىپ، ئوينىمىغان ۋاقىتتا ئۆز ئورنىغا قويۇپ قويۇشنى ئېيتىش.

4. بالا ھەر قېتىم ئويناپ بولغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىلار بالىغا ئويۇنچۇقنى يىغىشتۇرۇۋېتىشنى ئەسكەرتىش.

# ئۈستەل سۈرتۈش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: سۇ ئۆتكۈزمەس پەرتۇق، تەلەڭگە، چۆگۈن، دەسمال

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالا پەرتۇق چىگىپ، چۆگۈندىكى سۇنى جاۋۇرغا تۆكىدۇ.
2. دەسمالنى داستىكى سۇغا چىلاپ سىقىدۇ.
3. ئۈستەلنى سۈرتۈپ بولۇپ، ئاندىن دەسمالنى جاۋۇردىكى سۇغا چىلاپ يۇيۇپ، يەنە سىقىدۇ.
4. ئاتا - ئانىلارنىڭ ياردىمىدە ئىشلىتىپ بولغان سۇنى تۆكۈۋېتىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# مەن تازىلىق ئىشچىسى

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: بالىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە ماس كېلىدىغان سۈپۈرگە، شازا، پارچە - پۇرات رەختلەر

ئويناش ئۇسۇلى

1. بىر بىلەن پولغا كىچىك چەمبەر سىزىپ رەخت پارچىلىرىنى چاچىمىز.
2. بالا ئوڭ قول بىلەن سۈپۈرگىنى مەھكەم تۇتۇپ، رەخت پارچىلىرىنى چەمبەر مەركىزىگە سۈپۈرىدۇ.
3. رەخت پارچىلىرىنىڭ ھەممىنى سۈپۈرۈپ چەمبەر مەركىزىگە يىغىپ بولغاندىن كېيىن، سول قولغا شازىنى ئېلىپ، رەخت پارچىلىرىنى شازىغا سۈپۈرىدۇ.
4. قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەسۋابلارنى ئورنىغا قويۇپ قويىدۇ. مەشىققە پىششىق بولغاندىن كېيىن بالا ھۇجرىسىنى يىغىشتۇرىدۇ.





بالىلارغا بىر قىسىم ئۆي ئىشلىرىنى مۇستەقىل قىلدۇرغاندا، ئۇلارغا چوڭلارنىڭ جاپاسىنى ھېس قىلدۇرغىلى بولىدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن بالىلاردا ئاتا - ئانىسىنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ئۆزىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان ئادەتنى، مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارى ۋە ئېڭىنى يېتىلدۈرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن بالىلارنىڭ روھىي ۋە ئەقلىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

# 5 ـ بۆلەك

## ئادەت تەربىيەسى

### 4. تۇرمۇشتا تەرتىپلىك بولىدىغان ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش

تەرتىپلىك تۇرمۇش ئادەمگە تېخىمۇ راھەت ۋە ئازادىلىك بەخش ئېتىدۇ. گۆدەكلىك مەزگىلى بالىلارنىڭ «تەرتىپكە سەزگۈر مەزگىلى» بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا بالىلاردا تەرتىپلىك تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئاسان ھەم ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق بولۇپ، ئۇلارغا بىر ئۆمۈر نەپ بېرىدۇ. بالىلاردا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانىلار ئۆزى ئۈلگە بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، بالىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇش، ناچار ئادەتلەرنىڭ بىخلىرىنى مايسا مەزگىلىدىلا يوقىتىش كېرەك.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بالىنىڭ ئاچ كۆزلۈك بىلەن يېيىشىدىن ساقلىنىش لازىم




كارل ۋېتىر ئەر - خوتۇن ئاچ كۆزلۈكنىڭ بالىغا ناھايىتى يامان تەسىر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇلار كىچىك كارلىنىڭ خالىغانچە غىزالىنىشىنى ياكى تاتلىق - تۇرۇم، پارچە - پۇرات يېمەكلىكلەرنى يېيىشىنى قاتتىق چەكلەيتتى. بەزى چاغلاردا كىچىك كارلغا ساغلاملىق ۋە مۇۋاپىق يېمەك - ئىچمەكنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، كارل ۋېتىر دوستلىرىنىڭ باللىرى ئاغرىپ قالغان ۋاقىتلاردا، كىچىك كارلنى يوقلاشقا بىللە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا كېسەلنىڭ ئازابىنى ھېس قىلدۇراتتى.

بىر قېتىم كارل ۋېتىر بالىسى بىلەن بىللە سەيلە قىلىۋاتقاندا، دوستىنىڭ بالىسى ئۇچراپ قالدۇ. كارل ۋېتىر ئۇنىڭدىن ئىنىسىنىڭ ئاغرىپ قالغان - قالمىغانلىقىنى سورايدۇ. بۇ بالا ھەيران قېلىپ، كارل ۋېتىردىن قانداق بىلىۋالغانلىقىنى سورايدۇ. كارل ۋېتىر: «چۈنكى يېقىندىلا روژدېستۋا بايرىمى ئۆتكۈزدۇق، مەن ئىنىڭىزنى ئاغرىپ قېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان» دەيدۇ.

چۈنكى كارل ۋېتىر ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ ئاچ كۆزلۈكىنى بۇرۇنلا بىلەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ روژدېستۋا بايرىمىدا ئاچ كۆزلۈك بىلەن يەپ ئاغرىپ قېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلىغانىدى. دەرۋەقە ئىش شۇنداق ئىدى. كارل ۋېتىر كىچىك كارلنى ئېلىپ، ئۇ بالىنى يوقلىغىلى باردى. بۇ بالىنىڭ ھېچ يېرى ئاغرىمىغان بولۇپ، پەقەت ھېق تۇتۇپ توختىمايدىكەن. كارل ۋېتىر كېسەل بالا بىلەن قانداق بولۇپ ئاغرىپ قالغانلىقى توغرىسىدا پاراڭلاشقاندا، كىچىك كارلنىڭمۇ ئاڭلىيالىشىغا بەك دىققەت قىلدى، چۈنكى بۇ كىچىك كارلغا تەربىيە بېرىدىغان ياخشى پۇرسەت ئىدى.




باللارنىڭ ئاچ كۆزلۈك ئادىتى تۇغما بولمايدۇ، بەلكى ئاتا - ئانىلارنىڭ بىلمەسلىكى ياكى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشىدىن پەيدا بولىدۇ. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار باللارغا ياخشى يېگۈزسە، ياخشى ئىچۈرسە، بەدىنى قاۋۇل بولسىلا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلار بالىغا ئوزۇق بولىدۇ دەپ ھەر خىل نەرسىلەرنى تەرتىپسىزلا يېگۈزىدۇ. نەتىجە دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، باللارنىڭ بەدىنى ساغلام بولمايلا قالماستىن سېمىز، ئاجىز بولۇپ قالىدۇ.

كارل ۋېتىر كىچىك كارلنىڭ يېمەك - ئىچمەكتىن زىيانغا ئۇچراپ قالماسلىقى ئۈچۈن، كىچىك كارلدا ياخشى بولغان يېمەك - ئىچمەك ئادىتى يېتىلدۈرۈشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. غىزالانغاندا ئامال بار كىچىك كارلغا خۇشال - خۇرام كەيپىيات ئىچىدە تاماق يېگۈزەتتى، چۈنكى بۇنىڭ بالىنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىكى تەرەققىياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ياردىمى بار ئىدى.




# مېۋە جەدۋىلى

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قەغەز، قەلەم

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار بالا بىلەن بىرلىكتە بالىنىڭ ھەر كۈندىكى مېۋە يەيدىغان ۋاقتىنى، تۈرىنى ۋە مىقدارىنى بەلگىلەش.

2. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا ھەر كۈنى قانداق مېۋە يېيىشنى تاللاتقۇزۇش، ھەر كۈنى مېۋە يەيدىغان ۋاقىت بىلەن مىقدارىنى بالىلارنىڭ ئۆزىگە بەلگىلەتكۈزۈش.

3. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا چېسلا، مېۋە يەيدىغان ۋاقىت، مىقدارىنى جەدۋەل قىلىپ تۈزۈپ بېرىش.

4. جەدۋەلنى بالىلارنىڭ ئۆزىگە تولدۇرغۇزۇش، مېۋىنىڭ تۈرىنى بالىلار ئۆزى سىزسا بولىدۇ.

5. جەدۋەلنى تامنىڭ كۆزگە بەكرەك چېلىقىدىغان يېرىگە چاپلاپ بېرىپ، بالىغا مۇشۇ پىلان بويىچە مېۋە يېيىشنى ئېيتىش.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۆزۈك يە

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 2 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: تاتلىق ـ تۈرۈم، ئاقبالداق، قوشۇق

ئويناش ئۇسۇلى



1. تاتلىق ـ تۈرۈمنى تەخسىگە قويۇپ، بالىنى ئۆزى قولى بىلەن ئېلىپ يېيىشكە رىغبەتلەندۈرۈش.

2. چىنىگە يېرىم چىنە ئاقبالداق ئۇسۇپ بېرىپ، بالىنىڭ قولىغا قوشۇقنى تۇتقۇزۇپ بالىغا قوشۇق بىلەن ئېلىپ ئويناشنى ئېيتىش، ئاندىن بارا ـ بارا ئۇنىڭغا قوشۇق بىلەن گۈرۈچ ئېتىلدۇرمىسى ئېلىشنى ئۆگىتىش.

3. دىققەت، بالىغا يەرگە چۈشۈپ كەتكەن تاتلىقلارنى ئالدۇرماسلىق، ئۇستەلگە چېچىلىپ كەتكەن گۈرۈچ ئېتىلدۇرمىلىرىنى يىغۇزماسلىق كېرەك. ئاتا ـ ئانىلار بالىغا ئۆگەتكەندە سەۋرچان بولۇشى لازىم.

بالىنىڭ ئاچ كۆزلۈك بىلەن تاماق يەيدىغان يامان ئادىتىنى تۈزىتىش ئۈچۈن، ئۇلاردا قەرەللىك غىزالىنىش ئادىتى يېتىلدۈرۈش كېرەك، ئەگەر تاماقنى قەرەللىك، ئوبدان تويۇپ يېسە، باشقا نەرسىلەرنى يىگۈسى كەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاچ كۆزلەرچە غىزالىنىدىغان ئادەتنى بارا ـ بارا ياخشىلىغىلى بولىدۇ. بالىلارغا پارچە يېمەكلىكلەرنى ئاز يىگۈزۈش ياكى قەتئىي يىگۈزمەسلىك كېرەك، ئەمما مېۋىنى كۆپ يېسە بولىدۇ. مېۋىنى ئادەتتە ئىككى تاماقنىڭ ئارىلىقىدا ياكى تاماقتىن كېيىن يېسە بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا بالىنىڭ نورمال غىزالىنىشىغا تەسىر يەتمەيدۇ.



# يېمەكلىك بىلەن بالىغا پارا بەرمەسلىك كېرەك




يېمەكلىك باللارغا نىسبەتەن مەجبۇرىيەت بولۇپ قالماسلىقى لازىم، ئاتا - ئانىلار باللارغا يېمەكلىك ئارقىلىق پارا بېرىشتىن قەتئىي ساقلىنىشى ھەم تاماقتىن چەكلەش ئارقىلىق بالىنى جازالىماسلىقى لازىم. ئاتا - ئانىلار يېمەكلىكنى جازا، مۇكاپاتنىڭ ياكى ھەيۋە قىلىش، قىزىقتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىپ تۇرۇپ بالىغا تەربىيە بەرمەسلىكى لازىم. بالىغا يېمەكلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئايرىشنى ئۆگىتىپ، ئازادە غىزالىنىش كەيپىياتى ۋە مۇھىتى بەرپا قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنى مۇستەقىل، خۇشال - خۇرام غىزالاندۇرۇش لازىم.

نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ تامىقىغا ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بېرىپ كېتىدۇ، ھەمىشە بالىنىڭ تاماق يېمەسلىكى ياكى ئاز يېيىشىدىن ئەنسىرەپلا يۈرىدۇ، ھەر قېتىم تاماق ۋاقتىدا پۈتۈن دىققىتىنى بالىسىغا قارىتىپ، «بالام بۇنداق يېسەڭ بولمايدۇ، ئۇنداق يېسەڭ بولمايدۇ» دەپ كۆزىگە كىرىۋالىدۇ. بۇ يوشۇرۇن ھالدا بالىدا پسىخىكىلىق بېسىم پەيدا قىلىپ قويىدۇ. مۇشۇنداق داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، بالا تاماق يېيىشنى يۈك دەپ قارايدۇ. بۇ باللارغا سەلبىي تەسىر ئېلىپ كېلىپلا قالماستىن، ئاتا - ئانىلارغىمۇ ئورۇنسىز ئاۋارىچىلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.




تاماق يېيىش بىر تۈرلۈك تەبىئىي پائالىيەت. ئۇ بەدەننىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىنىڭ نورمال خىزمىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ناۋادا ئاتا - ئانىلار تاماق يېيىشنى بالا بىلەن سودىلىشىشتىكى پىشكا قىلىۋالسا، بالا تاماقنى ياخشى يېسە مۇكاپاتلىسا، ياخشى يېمىسە جازالىسا، باللار ئاتا - ئانىلارنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارغا تەھدىت سالىدۇ، ھەدېگەندە «تاماق يېمەيمەن» دېيىش ئارقىلىق، ئاتا - ئانىلارنى ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇشقا «قىستايدۇ». ئاتا - ئانىلار باللارغا تاماقنىڭ مەجبۇرىيەت ئەمەس، بەلكى تاماق يېمىسە ئۆزىنىڭ ساغلاملىقىغا زىيان يېتىدىغانلىقىنى، باشقىلارغا ھېچقانداق تەسىرى يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈش لازىم.

www.uyghurkitap.com








# تاماق ئۈستىلىنى راسلاش

ماس كېلىدىغان يېشى: **3 ~ 6 ياشقىچە**

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىغا غىزالىنىدىغانلارنىڭ سانىغا ئاساسەن ئورۇندۇقلارنى تىزىش، ئاندىن قولىنى يۇيۇشنى ئېيتىش.
2. ئۈستەلگە چىنىلەرنى تىزىشنى ئېيتىش.
3. بالىغا چىنىنىڭ ئوڭ يېنىغا بىر جۈپتىن چوكا قويۇشنى، ئۆزى ئولتۇرىدىغان ئورۇنغا بىر تال قوشۇقنى ئارتۇق قويۇشنى ئېيتىش.
4. قاچىنىڭ سول يېنىغا قول قەغىزىنى قويۇپ، تاماق يېيىشكە تەييارلىنىش.
5. بالىنى تاماق يېيىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق خىزمەتلىرىگە قاتناشتۇرۇش بالىنىڭ ئىشتىھاسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.



# تاماق ئۈستىلىنى يىغىشتۇرۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: تاماقتىن كېيىنكى چىنە ـ قاچىلار

ئويناش ئۇسۇلى

1. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، بالىنى تاماق ئۈستىلىنى يىغىشتۇرۇشقا ياردەملەشتۈرۈش.

2. ئاۋۋال چىنىنى دەستىلەش، چوكىلارنى بىر يەرگە يىغىش.

3. ئاندىن قورۇما ئۇسقان تەخسە ۋە چىنىلەرنى ئاشخانىغا ئەكىرىش، بالىغا بىر قېتىمدا پەقەت ئوخشاش نەرسىلەرنى ئەكىرىشنى ئېيتىش.

4. بالىغا دەسمال تەييارلاپ بېرىپ، بالىنى ئۈستەلنى پاكىز ئېيتىشقا بۇيرۇش.





ياخشى غىزالىنىش ئادىتى بالىلارنىڭ ساغلاملىقىغا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە بالىنى ئىش ئۇقىدىغان، ئەدەپلىك قىلىدۇ. بالا ئائىلىدە ياخشى غىزالىنىش ئادىتى يېتىلدۈرسە، بالىلار باغچىسىدىكى تۇرمۇشقا ئاسانلا ماسلىشالايدۇ، باشقا بالىلارغا سېلىشتۇرغاندا ئۆزىگە تېخىمۇ ئىشىنىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي تەرەققىياتىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com



# باللارنى ئاڭلىق ھالدا پارچە - پۇرات يېمەكلىكلەرنى رەت قىلىدىغان قىلىش




كارل ۋېتىر كىچىك كارلدا كىچىكىدىن تارتىپ ياخشى غىزالىنىش ئادىتى يېتىلدۈرگەن بولغاچقا، كىچىك كارل ئەزەلدىن كۆپ يەۋېلىپ، ئاشقازىنىنى بۇزۇۋالغان ئەمەس. كىچىك كارلدا ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى شەكىللەنگەن بولۇپ، ئېسىل تاماقلارنى كۆرگەندىمۇ غىزالىنىش ئادىتىنى ئۇنتۇمايتتى. كارل ۋېتىر ھەر قېتىم بالىسىنى ئېلىپ دوستىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارغاندا، ساھىبخان ھەمىشە ئېسىل تاماقلار بىلەن ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالاتتى، ئەمما قانچىلىك يېيىشلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىچىك كارل قەتئىي كۆپ يېمەيتتى. دوستلىرى ئۇنىڭ بۇ خىل ئىپادىسىنى كۆرۈپ، ئۇنى «دادىسى يېنىدا بولغاچقا يېيىشكە پېتىنالمىدى» دەپ ئويلايتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى ئىدى. چۈنكى ئۇ ئاللىبۇرۇن ياخشى يېمەك - ئىچمەك ئادىتى يېتىلدۈرۈپ بولغان ئىدى.

بىر كارل ۋېتىر بالىسىنىڭ راستلا ئۆزى خالاپ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، سىرتقا چىقىپ كېتىپ، بالىسىنى ئۆيدە قالدۇرۇپ قويىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ساھىبخان يەنە شۇنداق قىزغىنلىق بىلەن كىچىك كارلنى تاتلىقلاردىن تېتىپ بېقىشقا تەكلىپ قىلىدۇ، ئەمما كىچىك كارل يەنىلا رەت قىلىدۇ. ساھىبخان ھەتتا «دادىڭىزنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەڭ، دەپ قويمايمەن، بىر پارچە يېگەنگە ھېچنېمە بولمايدۇ» دەپمۇ باقىدۇ، ئەمما كىچىك كارل: «رەھمەت، مەن راستلا يېمەيمەن، دادامنىڭ يېگىلى قويمىغانلىقىدىن ئەمەس، مېنىڭ يېگۈم يوق. مەن پەقەت ھەر كۈنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىلا تاتلىق - تۈرۈم ۋە ئۇششاق يېمەكلىكلەرنى يەيمەن» دەيدۇ.




كارل ۋېتىرنىڭ دوستلىرىنىڭ شۇنداق ئويلاپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار كىچىك كارلغا ئۆزىنىڭ باللىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە قارىغان ئىدى، ئەمما ئەمەلىيەت ئۇلارنىڭ ئويىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇلار كىچىك كارلنىڭ ئۆزىنى چەكلەش ئىقتىدارىنى بىلمەيتتى. كىچىك كارل بىردىنبىر مىسالمۇ ئەمەس، پەقەت ئاتا - ئانىلار باللىرىنى كىچىكىدىن مۇشۇنداق تەربىيەلىسە، ئۇلارمۇ كىچىك كارلغا ئوخشاش ياخشى غىزالىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرەلەيدۇ، ئاڭلىق ھالدا ئۇششاق يېمەكلىكلەرنىڭ ئازدۇرۇشىغا تاقابىل تۇرالايدۇ، بۇ ئۇنداق قىيىن ئىشمۇ ئەمەس.

# يېمەيمەن

ماس كېلىدىغان يېشى: 5 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. باللاردا ياخشى بولغان يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇششاق يېمەكلىكنى يېگۈزمەسلىك ياكى ئاز يېگۈزۈش.

2. سىرتلاردا باشقىلار بالىغا تاتلىق يېمەكلىكلەرنى تەڭلىگەندە، بالىغا رەت قىلىشنى، «ياق» دېيىشنى ئۆگىتىش.

3. ئاتا ـ ئانىلار بالىغا باشقىلار بەرگەن نەرسىنى رەت قىلدۇرۇش قارشى تەرەپنىڭ يۈزىنى قىلمىغانلىق دەپ قارىماسلىقى كېرەك. بالىغا ئەدەپ بىلەن رەت قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىپ قويۇش، مەسىلەن: «رەھمەت، يېمەيمەن» دېگەندەك.

4. باشقىلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارغاندا، بالىغا ئالدىن «كۆپ نەرسە يېمە، تاتلىقلارنى، ئۇششاق يېمەكلىكلەرنى ئاز يە» دەپ تاپىلاپ قويۇش كېرەك.



# بازار ئايلىنىش



ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىنى ئېلىپ تاللا بازىرىغا نەرسە سېتىۋالغىلى بېرىش.

2. نەرسە سېتىۋالغاندا ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا «نېمە سېتىۋېلىش كېرەك، نېمىشقا بۇنداق نەرسە سېتىۋالىمىز، نېمىشقا بۇنى سېتىۋېلىپ ئاۋۇنى سېتىۋالمايمىز» دېگەنلەرنى كۆپرەك سۆزلەپ بېرىشى كېرەك.

3. بالىنىڭ ئالغۇسى بار نەرسىلەرنى بالىنىڭ ئۆزىگە تاللاتقۇزۇش.

4. ئەگەر بالا ساغلام يېمەكلىكلەرنى تاللىسا، بالىنى ۋاقتىدا ماختاپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش؛ ئەگەر ئورالمىسى چىرايلىق ئەخلەت يېمەكلىكلەرنى تاللىسا، بۇنداق يېمەكلىكلەرنىڭ قانداق زىيىنى بارلىقىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشى لازىم.



قورسىقى ئاچسا، بىر نەرسە يېگۈسى كېلىش، قورسىقى ئاچمىسا نەرسە يېگۈسى كەلمەسلىك ئادەم بەدىنىنىڭ نورمال فىزىيولوگىيەلىك ئىنكاسى. ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار بالىلاردا قەرەللىك تاماق يەيدىغان ئادەت يېتىلدۈرسە، بالىلار قورسىقى ئاچمىسا، تەبىئىيلا ئۇششاق يېمەكلىكلەرنى يېگۈسى كەلمەيدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئېھتىياجىنى قاندۇرغۇدەك يېمەكلىك تەمىنلەپ بەرسىلا بولىدۇ. بالىنىڭ ئاچ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بالىغا ئۇششاق يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.



# ھەرقانچە باي بولسىڭىزمۇ، بالىڭىزنى باي قىلىۋەتمەڭ




كارل ۋېتىرنىڭ بىر باي دوستى بار ئىدى. ئۇ بالىسى ئېرنىسقا ھەددىدىن زىيادە ئامراق ئىدى. ئېرنىسنىڭ پارچە خىراجىتى كىچىك كارلنىڭ ئون ھەسسىسىچىلىك كېلەتتى. باي مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك دەپ قارايتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزى بەك باي بولغاچقا، «بالامۇ ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى كېرەك» دەپ ئويلايتتى.

«بايلىق» سەۋەبىدىن ئېرنىس ناھايىتى تېزلا يامان باللار پېيىگە چۈشىدىغان ئوبيېكتقا ئايلىنىپ قالدى. بۇ ئەسكى باللار ئۇنىڭغا ياخشىچاق بولدى، خۇشامەت قىلدى، ئۇنى ماختاپ ئۇچۇردى. ئېرنىس دادىسىدىن ئالغان پۇللار بىلەن ئۇلارغا خالىغانچە يېگۈزۈپ، ئىچۈردى، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇلارغا تېخى پۇلمۇ بېرىپ تۇردى. يامان باللار بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا ئېرنىس بارا - بارا پۇلنىڭ كۈچىنى بايقايدۇ. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى يولسىز، ئۆكتەم، مىجەزى چۇس بولۇپ كېتىدۇ. بىر قېتىم يولدا بىر دېھقان ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۇنىڭغا سوقۇلۇپ كەتسە، ئۇ ھېلىقى باللارنى بۇيرۇپ، دېھقاننىڭ باش - كۆزىنى قانغا بويىۋېتىدۇ. ئۇ ئەسكى باللار يەنە ئۇنى ئازدۇرۇپ قىمار ئوينىتىدۇ. بېشىدا ئۇنىڭغا ئۇتتۇرۇپ بېرىپ، كېيىن ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن ئۇنىڭ پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋالىدۇ.




ئېرنىس يامان باللارنىڭ تەسىرىدە يەپ - ئىچىپ، ئويناپ كۈلۈپ، ئۇرۇشۇپ، قىمار ئويناپلا يۈرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۆگىنىشنىڭ پايدىسى يوق، پۇل ھەممىگە قادىر. ئۇنى «كىتاب كۆر، ئۆگىنىش قىل» دېسىلا بېشى ئاغرىيدۇ، ئەمما ھېلىقى دوستلىرى بىلەن ئوينىسا ئۆزىنى ئەركىن - ئازادە ھېس قىلىدۇ. بۇلاردىن ئېرنىسنىڭ چوڭ بولغاندا قانداق ئادەم بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالماق تەس ئەمەس.

بىز ھازىر «ھەرقانچە نامرات بولسىڭىزمۇ، تەربىيەدە نامرات بولماڭ، ھەرقانچە باي بولسىڭىزمۇ، بالىڭىزنى باي قىلىۋەتمەڭ» دەيمىز. ئەگەر بالىلار ئاتا - ئانىسىدىن كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈنمۇ پۇل تۆلىدىكى مۇكاپاتلارغا ئېرىشسە، ئۇلار پۇلنى قەدىرلىمەيدىغان، پۇلنى ئورۇنسىز يەرلەرگە ئىشلىتىدىغان بولىدۇ. پۇل ئۇلاردا ھەرقانداق نەرسىگە ئاسانلا ئېرىشىش ئىستىكىنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ، چوڭ بولغاندىن كېيىن تىرىشمايدىغان، قورقۇنچاق، چۈشكۈن ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ.



# ئويۇنلار

## بۇ قانچە پۇل

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ھەر خىل قەغەز پۇل

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا - ئانىلار ھەر خىل قىممەتتىكى قەغەز پۇللارنى تەييارلاش، بالىلارنىڭ يوتۇۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى تەڭگە پۇل ئىشلەتمەسلىك كېرەك.
2. ئاتا - ئانىلار بالىلارغا ئوخشىمايدىغان قىممەتتىكى پۇللارنى ئايرىشنى ئۆگىتىش، يەنى رەڭگى، چوڭ - كىچىكلىكى، ئۈستىدىكى نەقىش قاتارلىق تەرەپلەردىن پەرقىنى تېپىپ چىقىش.
3. بىر نەچچە قېتىم ئۆگەتكەندىن كېيىن بالىنىڭ ئايرىيالايدىغان ياكى ئايرىيالمايدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش.
4. بالىغا قەغەز پۇلنىڭ قىممىتىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن، پۇلنى چوڭدىن كىچىككە قاراپ تىزىشنى ئېيتىش.



# كىمنىڭ پۇلى كۆپ

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قەغەز پۇل

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار ھەر خىل قىممەتتىكى پۇللارنى تەييارلاش.

2. بالا بىلەن پۇلنى ئوچۇملاپ ئېلىپ ئويناش.

3. كىمنىڭ ئالغان پۇلىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىگە قاراپ، ئۇتقاننى بەلگىلەش.

ئويۇننىڭ مۇھىم نۇقتىسى

بالا ئويۇن ئويناش جەريانىدا پۇلنىڭ قىممىتىنى قانداق ھېسابلاشنى بىلىۋالىدۇ.



# قوچاقلاپ مۇكاپات بېرىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىغا ۋەزىپە بۆلۈپ بېرىش، مەسىلەن: ئەتىگەندە كىيىمنى ئۆزى كىيىش دېگەندەك.

2. بالا ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، ئاتا - ئانىلار بالىنى قۇچاقلاپ مۇكاپاتلاش، ماختاش.

3. بالىلاردا ھەر قېتىم ئىلگىرىلەش بولغاندا، ئاتا - ئانىلار ۋاقتىدا ئۇلارنى مۇكاپاتلاپ تۇرۇشى كېرەك. بۇ مۇكاپات بالىنى پۇل ياكى ماددىي نەرسىلەر بىلەن مۇكاپاتلاش بولماستىن، سۆيۈپ قويۇش، قۇچاقلاپ قويۇش، ماختايدىغان سۆزلەر بولۇشى كېرەك. بۇلارمۇ بالىلارنى ھاياجانلاندۇرالايدۇ، قانائەتلەندۈرەلەيدۇ.



بالىنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولسا، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۇلارغا مۇكاپات بېرىشى توغرا، بۇ بالىلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ بىر خىل شەكلى. ئۇ بالىنى ياخشى تەرەپكە قاراپ ئۈزلۈكسىز تىرىشىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئەمما قانداق نەرسىنى بالىغا مۇكاپات قىلىپ بېرىشتە ئېھتىياتچان بولماق زۆرۈر، بولۇپمۇ بالىغا خالىغانچە پۇل بەرمەسلىك لازىم. بۇ بالىلارنى پۇل ئۈچۈن ئىش قىلىدىغان، پۇل ئۈچۈن ئۆگىنىدىغان قىلىپ قويىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسى دەل ئەكسىچە بولۇپ چىقىدۇ.



www.uyghurkitap.com



# باللارغا پارچە خىراجەتنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆگىتىش




كارل ۋىتىر كىچىك كارلغا قەرەللىك پۇل بېرىپ تۇراتتى. بەزى ۋاقىتلاردا كىچىك كارلنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى بولسا ياكى ياخشى ئىش قىلسا، ئۇ كىچىك كارلغا بىر مارك مۇكاپات بېرەتتى. ئەمما كىچىك كارلنىڭ قالايمىقان پۇل خەجلەيدىغان يامان ئادىتى يوق ئىدى. ئۇ پۇللىرىنى دادىسىغا ساقلاپ بېرىشكە بېرەتتى، مەيلى ئويۇنچۇق قوراللىرى ۋە ياكى كىتاب سېتىۋېلىش بولسۇن ھەممىسنى دادىسىغا دەپ، پىكرىنى ئېلىپ تۇراتتى.

بىر قېتىم كارل ۋىتىر بالىسىنىڭ پۇللىرىنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ قېلىپ، غەلىتىلىك ھېس قىلدۇ. ئۇ كىچىك كارلدىن «ئازلاپ كەتكەن پۇل» توغرىسىدا سورىغاندا، كىچىك كارل دادىسىغا كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

كىچىك كارل ئەسلىدە بىر دېھقاننىڭ خاۋۇس ئىسىملىك ئوغلى بىلەن تونۇشۇپ قالغانىكەن. ئائىلىسى نامرات بولغاچقا، خاۋۇس مەكتەپتە ئوقۇيالماپتۇ، ئەمما ئۇ ئوقۇشنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. خاۋۇس كىتاب ئوقۇشنى شۇنچە ئارزۇ قىلسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۆيىدە كىتاب يوق ئىكەن. شۇڭا ئۇ كىچىك كارلدىن كىتابتىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. كىچىك كارل خۇددى ئۆزىدەك ئەقىللىق بىرىنى تاپقاندەك خۇشال بولۇپ، خاۋۇسقا نۇرغۇن ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. يەنە ئۇنىڭغا قەغەز، قەلەم ئەكېلىپ بېرىپتۇ، يىغقان پۇلىدىن يىگىرمە ماركنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. كىچىك كارل خاۋۇسقا: «بۇ مېنىڭ سىزگە قىلغان كىچىككىنە ياردىمىم. گەرچە ئاز بولسىمۇ، بىراق بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم. بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى ئۆگىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، تەگرى چوقۇم تىلىكىڭىزنى يەردە قويمايدۇ» دەپتۇ.




نۇرغۇن كىشىلەر كارل ۋىتىرنىڭ بالىسىنى نېمە ئۈچۈن پۇل بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقىدىن ئەجەبلىنىدۇ. كارل ۋىتىرنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئۇنىڭ «ئۆگىنىش بەخت كەلتۈرەلەيدۇ» دېگەننى كىچىك كارلغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان ئۇسۇلى ئىكەن. ئەمما ئۇ كىچىك كارلغا كۆپ پۇل بەرمەيدىكەن. ئۇ يەنە بۇ ئارقىلىق كىچىك كارلدا پارچە پۇلنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپتۇ. كارل ۋىتىر بالىسىغا پۇلنىڭ پەقەت بىر قورال ۋە ۋاستە ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشەندۈرگەن. ئۇنىڭ كىچىك كارلغا پۇلنى قانداق خەجلەشنى ئۆگىتىشى ھەرگىزمۇ ئۇنى پۇل يىغسۇن ياكى سودا قىلسۇن دېگىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ياراملىق، ساغلام، دۇرۇس، مېھىر ـ مۇھەببەتلىك ئادەم بولۇشى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# نەرسە سېتىۋېلىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئويۇنچۇق قاتارلىق نەرسىلەر

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار بالىلار بىلەن مېھماندارچىلىق ئوينايدۇ.
2. ئاتا ـ ئانىلار مال ساتقۇچىنىڭ رولىنى، بالىلار خېرىدارنىڭ رولىنى ئالىدۇ.
3. بالا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى تاللاپ، ئاندىن پىركازچىكتىن قانچە پۇل بولغانلىقىنى سورايدۇ.
4. ئاتا ـ ئانىلار بالىغا پۇل تۆلەشنى ئېيتىدۇ. پۇل پۈتۈن سان بولغىنى ياخشى. ئەگەر پارچە پۇل قايتۇرۇشقا تېگىشلىك دەپ قارىسا، ئاتا ـ ئانىلار بالىدىن قانچە پۇل قايتۇرۇش كېرەكلىكىنى سورايدۇ. قايتۇرغان پۇل توغرىمۇ بالىغا ساناپ بېقىشنى ئېيتىدۇ.



# پۇل يىغىش

ماس كېلىدىغان يېشى: **2 ~ 6 ياشقىچە**

كېرەكلىك نەرسىلەر: **پۇل يىغىدىغان قۇتا**

ئويناش ئۇسۇلى

**1. بالىنى پارچە پۇللىرىنى پۇل يىغىدىغان قۇتىغا سېلىشنى ئېيتىش.**

**2. پۇل يىغىلىپ مەلۇم سانغا يەتكەندە، بالىدىن بۇ پۇللارنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى، ئويۇنچۇق ئالامدۇ، كىتاب ياكى پارچە يېمەكلىكلەرنى ئالامدۇ، مۇشۇلارنى سوراش.**

**3. بالىنى پارچە پۇللارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشقا، لازىمى يوق نەرسىلەرنى ئالماسلىققا يېتەكلەش.**

**4. بالىنى پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى دارىلئېيتامدىكى يېتىم باللارغا، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى پۇقرالارغا ئىئانە قىلىشقا، ياكى سوۋغا سېتىۋېلىپ ياشانغانلار ساناتورىيەسىدىكى ياشانغانلارغا بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈش.**

ئويۇننىڭ مۇھىم نۇقتىسى

بالىنىڭ ھېسابات باشقۇرۇشنى بالدۇر ئۆگىنىشى بالا ئۈچۈن بەك پايدىلىق. چۈنكى تېجەشلىك بولۇش مەڭگۈلۈك تېما، مەيلى نامرات بولسۇن، ياكى باي بولسۇن، ھەممىسى تېجەشلىك بولۇشى كېرەك. دارىلئېيتامغا بېرىپ، يېتىم باللارغا پۇل ئىئانە قىلىش باللارغا ئۆزىنىڭ بەختىنى ھېس قىلدۇرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار تېجەشلىك بولۇشنى، مېھىر-مۇھەببەت يەتكۈزۈشنى ئۆگىنىدۇ. تېجەشلىك بولۇش بىلەن پىخسىقلىقنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئايرىيالايدىغان بولىدۇ.



# پۇل تۆلەيمەن




ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قەغەز پۇل

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىنى تاللا بازىرىغا ئېلىپ بېرىپ، بالىغا نەرسىلەرنى تاللاتقۇزىمىز، ئەمما بالىغا پارچە يېمەكلىك ئېلىپ بەرمەيمىز.

2. بالىغا نەرسىلەرنىڭ باھاسىغا قاراشنى ئۆگىتىمىز، بالا بىلەن بىرلىكتە تاۋارلارنىڭ جەمئىي قانچە پۇل بولغانلىقىنى ھېسابلايمىز.

3. بالا ئۆزى ئالغان نەرسىلەرنى پۇل ئېلىش ئورنىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۆزى پۇل تۆلەيدۇ.

4. بالىغا قايتۇرغان پۇلنى ساناپ، توغرا - خاتالىقىغا قاراپ بېقىشنى دەيمىز.

كىچىك كارل پۇللىرىنى ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان دوستلىرىغا بېرىۋېتەتتى. بۇ كىچىك باللارغا نىسبەتەن ئاددىي ئىش ئەمەس، ھەتتا چوڭلارنىڭ ئىچىدىمۇ ناھايىتى ئاز ساندىكى ئادەملەرلا مۇشۇنداق ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلالايدۇ. باللاردا كىچىكىدىن باشلاپلا ئىقتىساد باشقۇرىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. باللارغا پارچە پۇلنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆگىتىش باللارنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن ئىقتىساد باشقۇرۇشىغا بەك پايدىلىق.

# 5 ـ بۆلەك

## ئادەت تەربىيەسى

### 5. ھۆرمەتمۇ بىر خىل ئادەت

باشقىلارنى ھۆرمەت قىلغاندىلا ئاندىن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ھۆرمەت قىلىش بىر خىل ئادەت. «باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىش» چوڭلارنىڭ ئىشى، كىچىك باللارنىڭ بۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق دېگەن قاراش خاتا. ئەگەر بالا كىچىكىدە باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنى ئادەت قىلمىسا، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئەدەپسىز، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئادەم باشقىلارنى ئويلىمايدۇ، باشقىلارمۇ بۇنداق ئادەملەرنى ياقتۇرمايدۇ. ئەگەر بالا كىچىكىدىن باشلاپلا باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنى ئادەت قىلسا، چوڭ بولغاندا باشقىلار بىلەن ئەپ ئۆتەلەيدۇ. ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەت شەكىللەندۇرگەن بالىنىڭ كېلەچەكتىكى تۇرمۇش، ئۆگىنىش، خىزمەتلىرىمۇ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com



# بالىمۇ ھۆرمەتلىنىشكە موھتاج




كارل ۋېتېر بالىسىغا ئىنتايىن كۆيۈنىدىغان بىر دادىنى تونۇيتتى. بۇ دادا بالىسى ئۈچۈن ھەممە ئىشنى قىلاتتى. مەيلى كىيىم ـ كېچەك، تۇرالغۇ ياكى ئۆگىنىش قوراللىرى بولسۇن، بالىسىغا ئەڭ ياخشىسىنى قىلىپ بېرەتتى. لېكىن ئۇ بالىسىغا مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن بىلەن، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بىر ئامىلغا سەل قارىدى. ئۇ بولسىمۇ بالىنىڭ غۇرۇرىنى تەربىيىلەش ئىدى.

بۇ دادا ئىزچىل بالىسىنى ھېچ ئىش ئۇقمايدۇ، دەپ قاراپ، ھەممە ئىشتا بالىسىغا ۋاكالىتەن قارار چىقىرىپ، ئۇنىڭ قارار چىقىرالىشىغا ئىشەنمىدى، ھەم بالىنى ئۆزىگە ئىشىنىشكە رىغبەتلەندۈرمىدى. ئۇ دائىم بالىنى «ئۇنى قىلساڭ بولمايدۇ، بۇنى قىلساڭ بولمايدۇ» دەپ چەكلەپلا يۈردى، ھەتتا بالىنى ئوغرىلىقچە كۆزەتتى. بالا دادىسىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى يوقىتىپ، ئۆزىنى «قابىلىيەتسىز، مەڭگۈ خاتا ئىش قىلىدىغان ئادەم» دەپ قارىدى. ئاخىرىدا بۇ بالىنىڭ غۇرۇر تۇيغۇسى پۈتۈنلەي يوقالدى.




گەرچە كارل ۋېتېر بالىسىغا قاتتىق تەلەپ قويسىمۇ، لېكىن ھەرقانداق ۋاقىتتا بالىسىغا چوڭ ئادەم قاتارىدا مۇئامىلە قىلدى. ئائىلە باشلىقى بولغىنى بىلەن، بالىسى ئۈچۈن ھېچقانداق قارار چىقىرىپ باقمىدى، چۈنكى ئۇ ئىزچىل بالىسىنى ئۆزى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ كەلگەنىدى. لېكىن نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار قاتتىق تەلەپ قويۇشنى باھانە قىلىپ، بالىغا ھەددىدىن زىيادە قاتتىق مۇئامىلىدە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ غۇرۇرى چوڭ زەربىگە ئۇچرايدۇ، بۇ بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسىز.




# ئۆزى تاللىسۇن

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كىيىم

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاخشىمى ئۇخلاشتىن بۇرۇن بالىغا ئۆزىنىڭ ئەتە كىيىدىغان كىيىملىرىنى تەييارلىتىش.

2. ئەگەر بالا قايسى كىيىمنى كىيىشنى بىلمىسە، تاللاش ھوقۇقىنى بالىنىڭ ئۆزىگە بېرىش، قايسىسىنى كىيىشنى خالىسا شۇنى تاللاش.

3. بالا كىيىمنى تاللاپ بولغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىلار بالا تاللىغان كىيىمنىڭ مۇۋاپىق بولغان ـ بولمىغانلىقىغا قاراپ بېقىش. ئەگەر كىيىم ئەتىسى كىيىشكە ماس كەلمىسە، مەسىلەن: ئەتىسى ھاۋا سوۋۇپ قالسا، لېكىن بالا كۆڭلەكنى تاللىغان بولسا، ئاتا ـ ئانىلار سەۋەبىنى بالىغا ئېيتىپ قايتىدىن تاللاتقۇزسا بولىدۇ.

4. ئەتىسى بالا ئۆزى تاللىغان كىيىمنى ئۆزى كىيگىنى ياخشى.



www.uyghurkitap.com

# بىر كۈنلۈك پائالىيەتنى ئورۇنلاشتۇرۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. جۈمە كۈنى كەچتە بالىدىن ئەتىسى نېمە قىلىشنى خالايدىغىنىنى سوراش.
2. ئالدى بىلەن بالىغا ئۆزىنىڭ ئويىنى سۆزلىتىش.
3. ئاندىن بالىغا ئۆزى قىلماقچى بولغان ئىشنى پىلانلىتىش، قىلسا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىغا قاراش.
4. ئائىلە باشلىقى بالىغا پىكىر بەرسە بولىدۇ، لېكىن بالىغا ۋاكالىتەن قارار چىقارسا بولمايدۇ.






گەرچە بالا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بېقىشىغا موھتاج بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى ياكى قوشۇمچە نەرسىسى ئەمەس. نېگىزىدىن ئېيتقاندا ئۇ جەمئىيەتكە تەئەللۇق. بالىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق غۇرۇرى، ئارزۇسى، ئوي ـ پىكرى بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار ئۇنى كىچىك دەپ قاراپ، ھەممە ئىشلاردا بالىغا ۋاكالىتەن قارار چىقارسا بولمايدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىنى ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىنىشى، بالىمۇ ئەسلىدىنلا ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان ھوقۇقتىن بەھرىلىنىشى كېرەك. ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشكەن بالىلار تېخىمۇ كۈچلۈك، ئۆزىنى ئاسرايدىغان بولىدۇ.

# قوپال تەربىيە بالىغا زىيانلىق




كارل ۋىتىر بىر ئاغىنىسىگە مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەن. ھېكايىدە بىر بالا ئۆيىدىكى ئۆچكىنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن، دائىم ئۆچكىنى يېتىلەپ تاغ باغرىغا بېرىپ ئوينايدىكەن. لېكىن بىر كۈنى بالا تاغ باغرىدا ئۇخلاپ قاپتۇ. ئويغىنىپ قارىسا ئۆچكە يوق تۇرغۇدەك. بالا ئۆچكىنى كەچ كىرگۈچە ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالماپتۇ. ئامال يوق ئۆيگە قايتىپ، دادىسىدىن ئۆچكىنى تېپىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن دادىسى ئۇنى قاتتىق ئۇرۇپ كېتىپتۇ، ھەم ئۇنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆچكىنى تېپىپ كەلمىسە، ئۆيگە قايتىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

بالا قاراڭغۇ كېچىدە تاغ يولىدا مېڭىپتۇ. ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ نەزىرىدە ئۆچكىچىلىكمۇ بولالمىغانلىقى ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەپتۇ. ئۇ ئۆچكىنى تاپقاندىن كېيىن، ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئۆچكىنى قۇچاقلىماي، ئەكسىچە يوغان تاشتىن بىرنى ئېلىپ، ئۆچكىگە ئېتىپتۇ. ئەتىسى كىشىلەر تاغ باغرىدىكى قورام تاشنىڭ كەينىدىن ئۆچكىنىڭ ئۆلۈكىنى تېپىپتۇ. بالا شۇنىڭدىن كېيىن ئۆيگە قايتماپتۇ. دادىسىنىڭ قوپاللىقى ۋە رەھىمسىزلىكى بالىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەس جاراھەت قالدۇرۇپتۇ.




نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىغا تەربىيە قىلغاندا ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ. ئۇلار پەقەت قاتتىق تەربىيە بولغاندىلا ئاندىن بالىنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيەلىگىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. لېكىن بىلىپ - بىلمەي ئۆزىنى رەھىمسىز مۇستەبىتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. نەتىجىدە بالا بۇيرۇققا بويسۇنۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان يارىماس بولۇپ قالىدۇ. بالا گەپ ئاڭلىمىسىلا بالىغا قوپال تەربىيە قىلىش ئۇسۇلى بالىنى ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىشتىن توسۇپلا قالماي، يەنە بالىدا ئاتا - ئانىسىغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك ياكى ئىشەنمەسلىك پەيدا قىلىدۇ.

ئاتا - ئانىلار بالىغا تەربىيە قىلىشتا ھەقىقەت ئارقىلىق بالىنى قايىل قىلىش، قائىدە سۆزلەشكە ئەھمىيەت بېرىش ۋە بىۋاسىتە ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك. بالىنى ھەيۋە ئارقىلىق باشقۇرماي، ئۆزىنىڭ كەڭ قورساقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com








# ئائىلە يىغىنى

ماس كېلىدىغان يېشى: **3 ~ 6 ياشقىچە**

ئويناش ئۇسۇلى

**1** . ئائىلە ئەزالىرى مەسلىھەتلىشىپ، مۇقىم ۋاقىت بېكىتىپ، ھەر ھەپتىدە ياكى ئايدا ئائىلە يىغىنى ئېچىش كېرەك .

**2** . يىغىندا ئائىلە ئەزالىرى نۆۋەتلىشىپ سۆزلەيدۇ. ئۇلار ئالدىنقى بىر ھەپتىدە قىلغان ئىشلىرىنىڭ قايسى تەرەپلىرىنى ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى، قانداق ئۇۋالچىلىقلارغا ئۇچرىغانلىقىنى، يەنە قايسى ئىشلارنى خاتا قىلىپ قويغانلىقىنى دەيدۇ.

**3** . يىغىنغا بالىلارمۇ قاتنىشىشى كېرەك. مەيلى بالا تولۇق سۆزلىيەلىسۇن ياكى سۆزلىيەلمىسۇن، بالىغا ئۆزىنىڭ ئوي - پىكرىنى دېگۈزۈش كېرەك .

**4** .  يىغىن ئەركىن ئېچىلىشى كېرەك ، كۆپچىلىك ئوي - پىكرىنى ئەركىن دېيىشى كېرەك .



# تەك پارچىلاش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئويۇنچۇق ماشىنا

ئويناش ئۇسۇلى



1. بالا ئۈچ ـ تۆت ياشلىق بولغاندا قىزىقىشى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. دائىم يېڭى شەيئىلەرنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئۇلارنى بۇزۇپ ـ پارچىلاپ باقىدۇ. بۇ كىچىك بالىنىڭ نېمىشقا پارچىلىنىدىغان ئويۇنچۇقلارغا ئامراق ئىكەنلىكىنىڭ سەۋەبى. بالىنىڭ نەرسىلەرنى قالايمىقان چۇۋۇۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بالىغا پارچىلاش ئويۇنىنى ئوينىتىش كېرەك.

2. ئاتا ـ ئانىلار كونىراپ كەتكەن ئويۇنچۇق ماشىنىدىن بىرنى ئالىدۇ.

3. كىم بۇرۇن چۇۋۇپ بولۇشتا بەسلىشىدۇ. چۇۋۇپ بولغاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىلار بالىغا ئويۇنچۇق ماشىنىنىڭ زاپچاسلىرىنىڭ رولىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

4. ئاندىن كىم ئاۋۋال ماشىنىنى قۇراشتۇرۇشتا بەسلىشىدۇ.

5. ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ بىر نەرسىلەرنى چۇۋۇغانلىقىنى كۆرگەندە ھەرگىزمۇ بالىنى ئەيىبلىمەسلىك كېرەك. قوپال تەربىيە بالىنىڭ پسىخىكىسىغا ناچار تەسىر بېرىدۇ، بالىنىڭ قىزىقىش ۋە ئىزدىنىش ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر قىلىدۇ.



ئاتا ـ ئانىلار بالىنى تەربىيەلىگەندە چوقۇم بالىنىڭ غۇرۇرىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. بالا كىچىك بولسىمۇ، ئۆزىگە چۇشلۇق غۇرۇرى بولىدۇ. بالا داۋاملىق ھۆرمەتلەنسە، باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگىنىۋالالايدۇ، ئاكتىپ ئىلگىرلەيدۇ، ساغلام چوڭ بولىدۇ .

www.uyghurkitap.com



# توغرىسى توغرا، خاتاسى خاتا



## هېكايەت

كارل ۋېتىر بىر قېتىم سەيلە قىلىۋاتقاندا كىشىنى ئۆيلاندۇرىدىغان بىر ئىشنى كۆرۈپ قالىدۇ. قوشنىسى سىمىس خانىم قىزى كۆڭلىكىنى مەينەت قىلىۋەتسە ئۇنىڭغا ۋارقىراپ كېتىدۇ. ئاپىسىنىڭ ۋارقىرىغىنىنى كۆرۈپ قىزى يىغلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىمىس خانىم ئۇنىڭغا پىرەنىك بېرىدۇ. كارل ۋېتىر سىمىس خانىمدىن: «قىزىڭىزغا نېمىشقا ۋارقىرايسىز؟» دەپ سورايدۇ. سىمىس خانىم: «ئۇ دائىم كۆڭلىكىنى مەينەت قىلىۋېتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. كارل ۋېتىر: «ئەمىسە يەنە نېمىشقا ئۇنىڭغا پىرەنىك بېرىسىز، بۇ ئۇنىڭ قىلمىشىغا بېرىلگەن مۇكاپاتمۇ ياكى تىللىغانىنىڭ ئورنىنى تولۇقلىغىنىڭىزمۇ؟» دەيدۇ. سىمىس خانىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا كىچىك قىزچاق راستلا نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەي قالىدۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ نېمىشقا تىللىغىنىنى، نېمىشقا ئۆزىگە پىرەنىك بەرگىنىنى بىلمەيدۇ. سىمىس خانىم بۇنداق قىلسا، قىزى قايسىسىنىڭ توغرا، قايسىسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ، بۇ بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسىز.



## بىلدۈرگۈ

كىچىك كارل ئەزەلدىن تەن جازاسىغا ئۇچراپ باقمىغان، سەۋەبسىز تىل ئىشتىپمۇ باقمىغان، بىكاردىن مۇكاپاتلىنىش تېخىمۇ بولۇپ باقمىغان. كارل ۋېتىرنىڭ كىچىك كارلنى جازالاش ۋە مۇكاپاتلاش قېتىم سانى جىق ئەمەس. لېكىن بۇلار ئىجرا بولغان هامان ئۈنۈمى ناهايىتى ياخشى بولاتتى.

كارل ۋېتىر كىچىك كارلغا ئۆي ئىشنى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى قىلىشقا تېگىشلىك ئىش دەپ ئۆگەتكەن. ئەگەر كىچىك كارل بۇ ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىيالىسا، دادىسى ئۇنى ماددىي بۇيۇم بىلەن مۇكاپاتلايتتى، ھەمدە بارغۇسى بار يەرلەرگە ئاپىراتتى. ئەگەر ئۇ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسا، ئۇنىڭغا قائىدىسىنى سۆزلەپ، تېگىشلىك جازا بېرەتتى، لېكىن ھەرگىزمۇ تەن جازاسى بەرمەيتتى.




# گۈل سۇغىرىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: سۇ سەپكۈچ

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالا ئەگەر بىر ھەپتە گۈللەرنى سۇغۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمىسا، ئۇنىڭغا ھەپتە ئاخىرى خالىغان جايغا ئاپىرىشقا ۋەدە بېرىمىز.

2. بالىنى كۈندە ئەسكەرتىپ تۇرىمىز.

3. ئەگەر بالا ئورۇندىيالىسا چوقۇم ۋەدىمىزنى ئورۇندىشىمىز كېرەك.

4. ئەگەر بالا ئورۇنداپ بولالماي، يەنىلا بارماقچى بولغان يېرىگە بارىمەن دېسە، ھەرگىزمۇ بالىنىڭ رايىغا باقماسلىقىمىز، بالىغا ئىنتىزامنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشىمىز كېرەك.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ۋاقىت بەلگىلەپ تېلېۋىزور كۆرۈش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىنىڭ ھەر كۈنلۈك تېلېۋىزور كۆرۈش ۋاقتىنى بېكىتىش، سائەت توشقان ھامان تېلېۋىزورنى ئېتىش.

2. ئىشتىن بۇرۇن جازالاش ئۇسۇلىنى بالا بىلەن بېكىتىۋېلىش كېرەك. مەسىلەن: بىرىنچى كۈنى ۋاقتىدا ئۆچۈرمىسە ئەتىسى كۆرگىلى قويماسلىق، ئۇدا ئىككى قېتىم قائىدىگە خىلاپلىق قىلسا، ئۈچ كۈن كۆرگۈزمەسلىك، ئۇدا ئۈچ قېتىم خىلاپلىق قىلسا، بىر ھەپتە كۆرگۈزمەسلىك.



3. ئەگەر بالا ئۇدا بىر ھەپتە قائىدىگە بويسۇنسا، ئۇنى مۇكاپاتلاش كېرەك.

ئويۇننىڭ مۇھىم نۇقتىسى

بالىغا تېلېۋىزور كۆرۈش ۋاقتىنى بېكىتىپ بېرىشتىن بۇرۇن، ئاتا ـ ئانىلار ئۆزى تېلېۋىزور كۆرۈش ۋاقتىنى تىزگىنلىشى كېرەك. بولمىسا ئۈنۈمى ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمايدۇ.

بالىغا تەربىيە قىلغاندا «توغرىسى توغرا، خاتاسى خاتا» دېگەن قائىدىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. كارل ۋېتىردەك ئۈنۈمگە يېتىش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار چوقۇم ئىشلارنى ئېنىق ئايرىشى، ئىزچىل بىردەك بولۇشى كېرەك. مەيلى مۇكاپاتلاش ياكى جازالاش بولسۇن چوقۇم ئەستايىدىل بولۇشى كېرەك. «قىلساڭ بولمايدۇ» دېيىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بولمىسا بالىنىڭ ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويىمىز.

74



# باشقىلارنى ھۆرمەتلەش كېرەك




بىر يىلى يازدا كىچىك كارلنىڭ نەۋرە سىڭلىسى ئوينىغىلى كېلىدۇ. دەسلەپتە ئۇلار ناھايىتى ياخشى ئوينايدۇ، بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىسى چىقىشالمايدۇ.

بۇنىڭغا ياغاچ ئۆي ياساش سەۋەب بولغانىدى. دەسلەپتە كىچىك كۇبىكتىن ئۆي تىزسا نەۋرە سىڭلىسى كېلىپ ئۇنىڭغا ياردەملىشىدۇ، ئىككىسىمۇ چىقىشىپ قالىدۇ. كىچىك كارل خۇددى ئىنژېنېرغا ئوخشاش سىڭلىسىغا قوماندانلىق قىلىدۇ. كېيىن سىڭلىسى ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلمىغاچقا، ئىككىسى بىر-بىرىگە يول قويماي ئۇرۇشۇپ قالىدۇ. كارل ۋېتىر نېمە بولغانلىقىنى سورىغاندا كىچىك كارل دادىسىغا: «سىڭلىم گېپىمنى ئاڭلىمىدى» دەيدۇ.

ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئۇققاندىن كېيىن كارل ۋېتىر ئوغلىغا نەسىھەت قىلىدۇ، ئويلىمىغان يەردىن ئوغلى ئاچچىقىدا تىزغان كۇبىك ئۆينى تېپىپ ئۆرۈۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىدۇ. دادىسى ئوغلىنىڭ بۇنداق بوينى قاتتىقلىق قىلىپ قوپاللىق قىلغىنىنى كۆرۈپ ناھايىتى ھەيران قالىدۇ. لېكىن ھېچنېمە دېمەستىن جىيەن قىزىنى بەزلەيدۇ. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا كارل ۋېتىر يەنە ئوغلىغا نەسىھەت قىلىدۇ. كارل ۋېتىر ئۇنىڭغا: «گەرچە سەن كۇبىك تىزىشقا ماھىر بولساڭمۇ، لېكىن سىڭلىڭنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى باردە. سىڭلىڭنىڭ قارىشىچە ئۇ پارچىنى بۇ يەرگە قويسا چىرايلىق كۆرۈنىدىكەن، ئەگەر ساڭا ياقمىسا سىڭلىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشسەڭ بولىدىغۇ. بۇنداق تالىشىپ ئۇرۇشۇشنىڭ ئورنى بارمۇ؟ سەن باشقىلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىشىڭ كېرەك، شۇندىلا باشقىلارمۇ سېنىڭ پىكرىڭگە ھۆرمەت قىلىدۇ» دەيدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن، كىچىك كارل بىلەن سىڭلىسى يەنە ئەپلىشىپ قالىدۇ. ئۇلار بىرلىكتە تېخىمۇ كۆركەم ھەم يوغان ئۆيدىن بىرنى قۇراشتۇرۇپ چىقىدۇ.




ھەممە ئاتا - ئانا بالىسىدا ناچار ئادەتنىڭ بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. بالامدا ياخشى ئادەت بولسۇن دېسىڭىز، بالا كىچىك ۋاقتىدىلا ئۇنىڭغا توغرا يول كۆرسىتىشىڭىز كېرەك، ھەرگىزمۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يامان ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىمەن دېمەڭ. ئەگەر ئاتا - ئانىلار بالىنى ياخشى باشقۇرمىسا، بالا ئاسانلا يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالىدۇ. يېشى چوڭىيىپ كەتسە، بۇ ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش تەسكە توختايدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى




# قانداق بولار

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

ئەسۋابلار: كۇبىك

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالا بىلەن ئاتا ـ ئانا بىللە كۇب تىزىپ ئويناش.

2. ئاتا ـ ئانىلار تىزغان ۋاقىتتا بالىغا بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا گەپ قىلماي، مەسلىھەت سورىغان تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشى كېرەك. مەسلەن: «بۇنى بۇ يەرگە تىزساق بولامدۇ، بۇ يەردە تۇرسا چىرايلىق كۆرۈنىدىكەن» دېگەندەك.

3. ئاتا ـ ئانىلار پىكرى بالا بىلەن بىر يەردىن چىقمىسا، بالىغا چوڭلار بىلەن مەسلىھەتلىشىش تەلەپپۇزىدا گەپ قىلىشنى، ھەرگىزمۇ جاھىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالماسلىقى كېرەكلىكىنى ئۆگىتىش كېرەك.

4. بالىسىغا باشقا بالىلار بىلەن ئوينىغان ۋاقىتتىمۇ، باشقىلارغا ھۆرمەت قىلىش كېرەكلىكىنى، پىكرى بىر يەردىن چىقمىسا، بويۇنتاۋلىق قىلماي مەسلىھەتلىشىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىش كېرەك.



# كەپكە قوشۇق سالماسلىق

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى



1. دادا، ئاپا ۋە بالا پاراڭلىشىدۇ.

2. بالا گەپ قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتمەسلىكى كېرەك.

3. ئاتا - ئانىلار گەپ قىلىۋاتقاندا، بالىغا گېپىنى بۆلۈۋەتمەسلىكنى ئېيتىش كېرەك.

4. بالىغا ئۆيگە مېھمان كەلگەندە ئاتا - ئانىلار بىلەن مېھماننىڭ گېپىنى بۇزۇۋەتمەسلىكنى، ئۇنداق قىلىشنىڭ ھۆرمەتسىزلىك ۋە ئەدەپسىزلىك بولىدىغانلىقىنى دېيىش كېرەك.

ئويۇننىڭ مۇھىم نۇقتىسى

بالىغا باشقىلارنىڭ گېپىگە قوشۇق سالماسلىقنى ئۆگىتىش.





ئاتا - ئانىلار بالىغا تەربىيە قىلغاندا «كەڭچىلىك قىلىش بىلەن قاتتىق جازالاشنى بىرلەشتۈرۈشى» كېرەك. بالىنىڭ ئەسلىدىكى تۇغما ئەركىنلىكىنى جارى قىلدۇرۇش، لېكىن ئۇنىڭ يامان ئادەت يېتىلدۈرۈۋېلىشىغا يول قويماسلىق كېرەك. قاتتىقلىق بىلەن تەربىيە قىلىش كەم بولسا بولمايدۇ، لېكىن بالىغا مەلۇم ئەركىنلىك بېرىش كېرەك. ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى بالىغا مەجبۇرىي تاڭماسلىقى، بالىغا ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. ئۆزى ئاۋۋال ئۈلگە بولغاندىلا، ئاندىن بالىغا باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگىتەلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com



# بالىغا ئويۇن ھەمراھى كېرەك




كارل ۋېتىر بەك پۇلدار بىر ئادەمنى تونۇيتتى. بۇ ئادەمنىڭ قىزى بار بولۇپ، قىزى ھەركۈنى ئويۇنچۇق ئويناپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. كارل ۋېتىر ئۇ ئادەمگە نەسىھەت قىلىپ، قىزىنىڭ ئەمدى ئويۇنچۇق بىلەن كۈن ئۆتكۈزسە بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا تەربىيە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ، لېكىن قىزچاقنىڭ دادىسى قوشۇلمايدۇ.

ئۇ قىزچاقنىڭ ئويۇنچۇقى بەك كۆپ بولغاچقا، ئازراقمۇ قەدىرلىمەيدىكەن. ھەر قېتىم ئاچچىقى كەلسە ئويۇنچۇقلارنى دەسسەپ - چەيلىۋېتىدىكەن. ئۆيدىكى مالايلارنىڭ ئەتكەن تامىقى ئۇنىڭغا ياقمىسا: «تامىقىڭ بەك لاۋزىكەن، سەن نېمانداق دۆت؟» دەپ ۋارقىرايدىكەن.




ھەممە كىچىك باللار ئويۇنچۇققا ئامراق، لېكىن بالىنىڭ ھەممە خۇشاللىقىنىڭ ئويۇنچۇقتىن كېلىشى ناتايىن. باللارنىڭمۇ ئۇنداق قىممەت، نەپىس ئويۇنچۇقلارنى قەدىرلەپ، ئاسراپ كېتىشى ناتايىن. بالىغا نىسبەتەن ئۇنى خۇشال قىلالايدىغان ئويۇنچۇق ياخشى ئويۇنچۇق بولىدۇ. بىر پارچە قەغەز، تاش ياكى سىيرىلما توپ بولسىمۇ بالا خۇشال ئوينىشى مۇمكىن.

بالا ئۆزىگە ئويۇن ئوينىشىپ بېرىدىغان ھەمراھىنىڭ بولۇشىنى ئويۇنچۇقتىنمۇ بەكرەك ئۈمىد قىلىدۇ. چۈنكى ئويۇنچۇق ھەمراھىنىڭ ئورنىنى ھەرگىز باسالمايدۇ. بالا باشقىلار بىلەن ئويناش جەريانىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالىدۇ. مەسىلەن: باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى، باشقىلار بىلەن قانداق ئەپ ئۆتۈش دېگەندەكلەر. لېكىن قانچىلىك جىق ئويۇنچۇق بولغان بىلەنمۇ بالىغا ئۇ نەرسىلەرنى ئۆگىتەلمەيدۇ. ئەگەر بالا كىچىك ۋاقتىدا ئويۇنچۇق ئويناپلا ئۆتسە، ئۇنىڭ پىسخىكىسىمۇ ساغلام بولمايدۇ.






# توققۇز تۆشۈك

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

**ئويناش ئۇسۇلى**

1. ئەتراپتىكى باللارنى ئويۇن ئويناشقا تەكلىپ قىلىمىز.
2. بوش يەرنى تېپىپ بور بىلەن «توققۇز تۆشۈك»دىن بىرنى سىزىمىز.
3. باللار ئۆزى ئويۇننىڭ قائىدىسىنى دېيىشىۋېلىپ ئويۇننى باشلايدۇ.
4. ئەگەر باللار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بولسا، ئاۋۋال باللار ئۆزى ھەل قىلىشى، باللار ھەل قىلالمىغاندا ئاندىن ئاتا-ئانىلار ئوتتۇرىغا چىقىشى كېرەك.

**ئويۇننىڭ مۇھىم نۇقتىسى**

بالىغا ئىختىلاپنى قانداق ھەل قىلىشنى، باشقىلار بىلەن قانداق ئەپ ئۆتۈشنى ئۆگىتىش.



www.uyghurkitap.com

# ئارغامچا تارتىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 5 ~ 6 ياشقىچە

ئەسۋابلار: ئۇزۇن لۆڭگە

ئويناش ئۇسۇلى

1. دادا بىلەن بالا روبىرو ئولتۇرۇپ، لۆڭگىنىڭ ئىككى تەرىپىنى تۇتۇپ، تارتىشنى باشلايدۇ.

2. ئانىسى بالىسىنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ، بالىغا ياردەملەشسە بولىدۇ. تارتىۋاتقاندا، دادىسى ئۆزىنى ناھايىتى كۈچەۋاتقاندەك كۆرسەتسە بولىدۇ.

3. ئاتا كۈچىنى كونترول قىلىپ تارتىدۇ.

4. مۇۋاپىق پەيتتە دادىسى ئارغامچىنى قويۇۋېتىپ ياكى بەدىنى ئالدىغا بولۇپ، يېڭىلىپ بەرسە بولىدۇ. ئاندىن بالىنى ماختاپ قويۇشى كېرەك.

5. بالا دادىسى ـ ئاپىسى بىلەن ئويۇن ئوينىسا، نۇرغۇن ئويۇنچۇق ئېلىپ بەرگەندىن بەكرەك خۇشال بولىدۇ.



ھازىر نۇرغۇن ئائىلىلەردە بىرلا بالا بار. ئىككى بالا بارلىرىنىڭمۇ ياش پەرقى خېلى چوڭ، تەڭ ئوينىشىپ بەرگۈدەك ئادىمى يوق. باشقا بالىلار بىلەن ئوينايدىغان ۋاقتىمۇ بەك ئاز. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنى زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ، نۇرغۇن ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىدۇ. ئۇلار ئويۇنچۇق ئوينىسا بالا زېرىكىپ قالمايدۇ دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇ بالىغا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىق. كىچىكىدە ئويۇنچۇق ئويناپلا چوڭ بولغان بالىغا توغرا تەربىيە يېتەرلىك بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالا ناچار ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ.

# 6 ـ بۆلەك

## پەزىلەت تەربىيەسى

### 1. بالا قانداق قىلغاندا دوستلىرى بىلەن ئىناق ئۆتەلەيدۇ

باللىق مەزگىل ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك ئالاقە ئىقتىدارىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش مەزگىلى. بالا ئائىلىدىن جەمئىيەتكە قەدەم بېسىپ، تېخىمۇ كۆپ ئادەملەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا باشلايدۇ. ئالاقە بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش، خاراكتېر شەكىللىنىش ھەم تەرەققىي قىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بالىنىڭ باللىق مەزگىلىدىكى دوستلىرى بىلەن قانداق ئالاقە قىلىشى ئۇنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن باشقىلار بىلەن قانداق ئالاقە قىلىشىغا ئاساس سالىدۇ.

بۇ مەزگىل بالىنىڭ ئالاقە ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدىغان ھالقىلىق مەزگىل، ئاتا ـ ئانىلار بۇنىڭغا ھەرگىز سەل قارىماسلىقى كېرەك.



www.uyghurkitap.com



# باللىق مەزگىلدە باشقىلار بىلەن دوستلىشىش ئىنتايىن مۇھىم




بالا تەربىيەلەش يېتەرلىك سەۋرچانلىقتا، ھەم تېخىمۇ كۆپ ئەقىل ـ پاراسەتكە موھتاج. كارل ۋېتىر ئوغلىنىڭ دوستلىشىش مەسىلىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. ئەگەر كارل ۋېتىر كىچىك كارلنىڭ دوستلىرىدىن بىرەرىنىڭ ئەخلاقىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بايقىسا، كىچىك كارلنى ئۇنىڭ بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشتىن توساتتى. كىچىك كارلنىڭ ئەندى ئىسىملىك دوستى بولۇپ، كۆچلۈك، زېھنى ئۆتكۈر، تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، بۇ توپتىكى بۇرادەرلەرنىڭ يولباشچىسى ئىدى. دائىم كۆپچىلىككە باشلامچىلىق قىلىپ، جەڭ ئويۇنى ئوينايتتى.

بىر قېتىم ئەندى يەنە كۆپچىلىككە باشلامچىلىق قىلىپ، «شەھەر قوغداش ۋە شەھەر ئېلىش» ئويۇنى ئوينىدى.

ئۇ شەھەر قوغدىغۇچىلىرىنىڭ سەركەردىسى بولۇپ، ئۇ شەھەر ئالغۇچى دۈشمەنلەرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئېغىر يارىلاندى. كىچىك كارل دەرھال ئۆيگە قايتىپ بۇ ئىشنى دادىسىغا دېدى. كارل ۋېتىر بالىسى بىلەن دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، ئەندىنى دوختۇرخانىغا ئاپاردى. قايتىپ كېلىش يولىدا، كىچىك كارل: «مەن ئەندىگە ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم، ئۇ ھەقىقىي ئەزىمەت ئىكەن» دېدى. كارل ۋېتىر ئەپەندى غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، ئوغلىدىن نېمىشقا بۇنداق قارايدىغانلىقىنى سورىدى، ئوغلى: «ئەندى ئىنتايىن باتۇر، ئۇ شەھەر قوغدايمەن دەپ يارىلاندى. سىز ئىلگىرى ماڭا ئوغۇل بالا دېگەن باتۇر بولۇشى كېرەك دېگەن ئىدىڭىز، ئەندى ئىنتايىن باتۇر» دېدى. كارل ۋېتىر ئوغلىغا: «بۇ پەقەت ئويۇن خالاس. ئويۇن بىلەن ھەقىقىي تۇرمۇش ئوخشىمايدۇ. ھەقىقىي جەڭ مەيدانىدا دۈشمەنلەر بىلەن كۈرەش قىلالىسا ئاندىن ھەقىقىي قەھرىمان بولىدۇ. ئەندى ھەقىقەتەن قەھرىمانلىق كۆرسىتىپتۇ، بىراق ئۇ جېدەل چىقىرىپ يارىلانغان بولسا، بۇنداق ئادەم چوڭ بولغاندىن كېيىن ھەقىقىي ئەزىمەت بولالمايدۇ» دېدى.




بالىنىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا، ئويۇن ئويناش جەريانىدا بىلىپ ـ بىلمەي ئۆزىنى زەخمىلەندۈرۈۋالىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىغا قانداق ئويناشنى، ئۆزىنى قانداق قوغداشنى ئۆگىتىپ قويۇشى كېرەك. ئاتا ـ ئانىلار باللارنى توغرا يېتەكلەپ، بالىدا ھەق ـ ناھەقنى، توغرا ـ خاتانى ئېنىق ئايرىشنى، قانداق دوستلار بىلەن بىرگە ئوينىسا بولىدىغانلىقىنى، قانداق دوستلار بىلەن ئوينىسا بولمايدىغانلىقىنى ئويۇن جەريانىدا تەدرىجىي يېتىلدۈرۈشى ۋە بىلدۈرۈشى كېرەك.

بالا دوست تاللىغاندا ئاتا ـ ئانىلار بالىسىغا ياخشى تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بىر نەچچە ياخشى دوستلارنى تاللاپ بېرىش كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا باللار بىرلىكتە ئۆگىنىش ۋە ئويناش جەريانىدا، ئۆز ئارا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىپ، تەڭ ئىلگىرىلىيەلەيدۇ.






# كىمنى تەكلىپ قىلىمىز

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قەغەز، قەلەم

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىغا بىر يىغىلىش قىلىپ بېرىمىز، بالا ئۆزىنىڭ كىچىك مېھمانلىرىنى ئۆيگە چاقىرىدۇ.

2. بالىغا ياردەملىشىپ تەكلىپ قىلىنىدىغان كىچىك مېھمانلار ئىسمىلىكىنى تىزىپ چىقىپ، بالىغا نېمە ئۈچۈن بۇلارنى تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى سۆزلىتىمىز.

3. بالا بىلەن بىرلىكتە بۇ كىچىك دوستلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكىنى مۇنازىرە قىلىمىز. تەكلىپ قىلىنمىغان بىر نەچچە كىچىك دوستنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، نېمە ئۈچۈن بۇ بىر نەچچەيلەننى تەكلىپ قىلمايدىغانلىقىنى سورايمىز.

4. يىغىلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بالا بىلەن بىرلىكتە بۈگۈن كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئىپادىسىگە باھا بېرىمىز. مەسىلەن: كىم ئەدەپلىك، كىم يالغان سۆزلىدى، كىم مۇتتەھەم، دېگەندەكلەر. ئاخىرىدا بالىدىن قانداق كىچىك دوست بىلەن ئالاقە قىلسا ئاندىن توغرا بولىدىغانلىقى سورايمىز.



www.uyghurkitap.com

# ئاغىچايلام ئويۇنى

كېرەكلىك نەرسىلەر: توشقانچاق (قونچاق)، ئېيىقچاق (قونچاق)

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار توشقانچاقنى ئالىدۇ، بالا ئېيىقچاقنى ئېلىپ ئويۇن ئوينايدۇ.

2. ئېيىقچاق توشقانچاقنى بىللە ئويناشقا تەكلىپ قىلىدۇ، توشقانچاق خۇشاللىق بىلەن قوشۇلىدۇ.

3. ئويۇن ئويناش جەريانىدا، توشقانچاق توختىماستىن ئېيىقچاقنىڭ ئويۇنىنى تارتىۋالىدۇ، يەنە ئۇنىڭ بىلەن جېدەللىشىدۇ، قوپاللىق بىلەن ئىتتىرىدۇ.



4. ئاتا ـ ئانىلار بالىدىن قانداق تەسىراتتا بولغانلىقىنى سورايدۇ، قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىغا قارايدۇ.

5. ئاتا ـ ئانىلار بالىدىن باشقىلار ئويۇنچۇقنى تارتىۋالغاندا، باشقىلار بىلەن جېدەللەشكەندە قانداق ھېسسىياتتا بولىدىغانلىقىنى، بۇنداق كىچىك دوستلار بىلەن ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغان ـ كۆرمەيدىغانلىقى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق بالىلار ئۇچرىغاندا قانداق قىلىش كېرەكلىكى، بۇنداق بالىلار بىلەن دوست بولسا بولامدۇ ـ بولمامدۇ دېگەنلەرنى سورايدۇ.





دوستلىرى بالىنىڭ ئالاقە چەمبىرىكىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر توپ، ئۇلار تەڭ ئوينايدىغان بولغاچقا، بىر ـ بىرىنىڭ ھەرىكىتى ۋە تۇرمۇش ئادىتىگە ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ. كونىلاردا «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يارىسى» دېگەن گەپ بار. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىگە قەتئىي سەل قارىماسلىقى كېرەك. بالىلار دوست تاللاش جەريانىدا، ئاتا ـ ئانىلار پرىنسىپال بولۇپ، ھەرگىزمۇ يامان بالىلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا يول قويماسلىقى، بالىغا ناچار ئادەتلەرنىڭ يۇقۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىشى كېرەك.

# بالىنىڭ ياخشى دوست تاللىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك




ۋولف باستېرنىڭ ئوغلى ۋىلىيام بىلەن كىچىك كارلنىڭ يېشى ئانچە پەرقلەنمەيتتى، ئىككىلا دادا مەلۇماتلىق باستېر بولغاچقا، ۋىلىيام بىلەن كىچىك كارل ئوخشاش دېگۈدەك تەربىيەنى قوبۇل قىلغان. بىلىم جەھەتتە، تىل ياكى ئەخلاقتا بولسۇن، ۋىلىيام ھەممىدە كۆرۈنەرلىك ئىدى.

بىراق ۋولف باستېر بىلەن كارل ۋىتېرنىڭ بالا تەربىيەلەشتىكى ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، كارل ۋىتېر ئەپەندى كىچىك كارلنىڭ يامان باللار بىلەن ئوينىشىغا قەتئىي يول قويمايتتى. ۋولف باستېر دەل ئەكسىچە بولۇپ، ئۇ ۋىلىيامنى يامان باللار بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئوغلىغا «يامان باللارغا ياردەم قىلىش كېرەك» دەيتتى. بىللە ئوينايدىغان شېرىكلىرىگە چەك قويۇلمىغاچقا، ۋىلىيامدا ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىش پەيدا بولۇشقا باشلىدى. كارل ۋىتېر ۋولف باستېرغا كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلسىمۇ، بىراق ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا ئۆزىنىڭ قارىشىنى توغرا دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ ئوغلى ۋىلىيامنى ئاشۇ ناچار باللارنى چوقۇم ئۆزگەرتەلەيدۇ دەپ ئىشىنەتتى.

ۋىلىيامنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلىشىپ كەتتى. ۋولف باستېر ئوغلىنىڭ ناھايىتى كەچ ئۆيگە قايتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئويۇن ئويناش ۋاقتىنىڭ بەكلا كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆپ قېتىم بايقىدى. بىراق ۋىلىيام «بىر نەچچە باللار زىدىيەتلىشىپ قالغاچقا، مەن ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ، ئۆيگە كەچ قالدىم» دەپ چۈشەندۇردى. ۋولف باستېر ئوغلىنىڭ گېپىگە ئىشەندى، ھەم ئوغلىنىڭ بۇ ئىشىدىن خۇشال بولدى. بىر كۈنى بىر دېھقان ئايال ۋولف باستېرنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ۋىلىيامنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىنى دېدى. ۋولف باستېر شۇ چاغدىلا ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىپ، ئوغلىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن يامان باللار بىلەن ئارىلىشىشىغا يول قويمىدى.




ۋولف باستېر ئوغلىنىڭ ئەخلاقى ۋە ئىرادىسىنى يۇقىرى مۆلچەرلەپ، ئوغلىنى ناچار باللارنىڭ بولمىغۇر ئادىتىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، ئۇلارغا ياردەم بېرەلەيدۇ دەپ قارىغان. ئويلىمىغان يەردىن ئوغلى ئاشۇ ناچار باللارنىڭ يامان ئادىتىنى يۇقتۇرۇۋالدى. «يامانغا ياخشىنىڭ بىر ياخشىلىقى يۇققىچە، ياخشىغا يامانىنىڭ مىڭ يامانلىقى يۇقار» دېگەن گەپ بار. خاراكتېرى پىشىپ يېتىلمىگەن باللارنى دېمەيلا قويايلى، ھەتتا بەزى چوڭ ئادەملەرمۇ ناچار تەسىر سەۋەبىدىن تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ. شۇڭا بالىنىڭ دوست تاللاش مەسىلىسىدە، ئاتا ـ ئانىلار ئىمكانقەدەر بالىنى ياخشى قوغدىشى، ياخشى يېتەكلىشى، بالىنى ئاشۇ ناچار ئادەملەر بىلەن ئۇچراشتۇرماسلىقى كېرەك، بولمىسا ئەسلىدىكى ئاق كۆڭۈل، ئىش ئۇققىدىغان، ئەخلاقى ياخشى بالىغا شەخسىيەتچىلىك، ساختىپەزلىك، مەككارلىق، ھاكاۋۇرلۇق، يالغانچىلىق، ئورۇنشاقلىق، تۆھمەتخورلۇقتەك ناچار ئادەتلەر يۇقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com








# ناچار دوستنىڭ كېرىكى يوق

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئويۇنچۇقلار

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا (ئانا) ۋە بالىنىڭ ھەربىرى بىر نەچچىدىن ئويۇنچۇقنى ئېلىپ، ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئويۇن ئوينايدۇ.

2. ئاتا (ئانا)نىڭ قولىدىكى بىر قونچاق: «بىز ئويۇن ئوينايلىچۇ!» دەيدۇ، بالىنىڭ قولىدىكى قونچاق جاۋابەن: «ماقۇل» دەيدۇ.



3. بىردەم ئوينىغاندىن كېيىن، ئاتا (ئانا)نىڭ قولىدىكى قونچاق بالىنىڭ قولىدىكى قونچاقنى بوزەك ئېتىشكە باشلايدۇ. «بۇ بولسا مېنىڭكى، سېنىڭ ئوينىشىڭغا رۇخسەت يوق، نېرى تۇر، مەن ئاۋۋال ئوينايمەن» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىدۇ.

4. بالىنىڭ قولىدىكى قونچاق ئاتا (ئانا)نىڭ قولىدىكى قونچاقنىڭ بوزەك قىلىشىغا چىدىمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاتا (ئانا)نىڭ قولىدىكى قونچاق بىلەن ئوينىمايدۇ.

5. ئاتا (ئانا) مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بالىدىن «ئۆز بېشىمچى، مۇتتەھەم بالىلار بىلەن ئويناشنى ياخشى كۆرەمسىز - كۆرمەمسىز» دەپ سورايدۇ، بالا چوقۇم «ياخشى كۆرمەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاتا (ئانا) بالىغا باشقىلارنىڭمۇ بۇنداق يامان بالىلارنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ھەرگىزمۇ بۇنداق يامان ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالماسلىقنى، ئاشۇنداق يامان ئادىتى بار كىچىك دوستلار بىلەنمۇ ئوينىماسلىقنى بىلدۈرۈپ قويۇشى كېرەك.

# كىم بىلەن كىم ياخشى دوست

ماس كېلىدىغان يېشى: **3 ~ 6** ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى



**1.** ئاتا ـ ئانىلار بالىغا «كىم بىلەن كىم ياخشى دوست»دېگەن ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇستەل ئورۇندۇققا: «بىز ياخشى دوست» دەيدۇ. ئورۇندۇق: «توغرا» دەيدۇ. كۇنلۇك يامغۇرلۇق ئاياغقا: «بىز ياخشى دوست» دېسە، يامغۇر ئايىغى: «توغرا» دەيدۇ. چەينەك ئىستاكانغا: «بىز ياخشى دوست» دېسە، ئىستاكان: «توغرا» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. قەپەس كىچىك قۇشقا: «بىز ياخشى دوست» دېسە، كىچىك قۇش: «ياق، بىز ياخشى دوست ئەمەس. بىزنىڭ دوستىمىز كۆك ئاسمان، ئاق بۇلۇت، ئورمانلار ۋە يايلاقلار» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

**2.** ئاتا ـ ئانىلار ھېكايىنى سۆزلەپ بولۇپ، بالىدىن نېمە ئۈچۈن قەپەسنىڭ كىچىك قۇشنىڭ دوستى ئەمەسلىكىنى سوراپ، بالىنى قانداق دوستىنىڭ ھەقىقىي دوست ھېسابلىنىدىغانلىقى ھەققىدە پىكىر قىلىشقا يېتەكلەيدۇ.



ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈش ئاسان ئەمەس، بىراق يامان ئادەت بالىلارغا ئاسانلا يۇقىدۇ. ياخشى ئادەتنى ئۆگىنىش ۋە ساقلاش تىرىشچانلىققا ۋە ئۆزىنى كونترول قىلىشقا موھتاج، ئەمما يامان ئادەتنىڭ يۇقۇشىغا ھېچقانداق شەرت كەتمەيدۇ. شۇڭا بالا ئېھتىيات بىلەن دوست تۇتۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بالا ھەق ـ ناھەقكە توغرا باھا بېرەلەيدىغان ئىقتىدارنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، يامان ئادەملەردىن يىراق تۇرۇشى، ياخشى دوستقا ئىشىنىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مەغرۇرلۇق ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ




كىچىك كارلنىڭ بىلىمى ئادەتتىكى بالىلارنىڭكىدىن بەكلا يۇقىرى بولغاچقا، ئۇ دائىم بۇرادەرلىرىگە بىر نەرسىلەرنى چۈشەندۈرەتتى، بىر كۈنى كىچىك كارل بىر توپ بۇرادەرلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ «تالانت»ىنى كۆز - كۆز قىلىشقا باشلىدى. كارل ۋىتىر بۇنى كۆرۈپ ئاچچىقلاندى.

- ئوغلۇم، سەن نېمىشقا گەپ قىلىشنىمۇ بىلمەيدىغان بولۇپ كەتتىڭ، - دەپ ئاچچىقلانغان ھالدا سورىدى، كارل ۋىتىر.

كىچىك كارل ئەجەبلەنگەن ھالدا دادىسىغا قارىدى، ئۇ خۇددى دادىسىنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى چۈشەنمىگەندەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە كىچىك كارل بۇرادەرلىرىگە سۆزلىگەن «نۇتۇق»دىن چاتاق چىققانلىقىنى ھېس قىلمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنى بەك قالتىس چاغلاپ كەتكەچكە، ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى توغرا ئىپادىلىيەلمىگەنلىكىنى ئۈستىگە، يەنە ئەتەي سىرلىق قىلىپ كۆرسىتىپ، بىر ئاددىي پرىنسىپنى ئىنتايىن مۇرەككەپ قىلىپ سۆزلەپ، يەنە مۇناسىۋەتسىز ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قالايمىقان قېتىپ، ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇۋەتكەنىدى.




ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىنى داڭلاش خاھىشى بولىدۇ، بولۇپمۇ بالىلىق مەزگىلدە يېڭى ئويۇنچۇقلارغا ئېرىشىش، باشقىلار ئاڭلىمىغان ۋە بىلمەيدىغان ئىشلارنى بىلىش، ھەممىنى ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە كۆز - كۆز قىلىپ يەتكۈزۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىراق ئۇزاق مەزگىل مۇنداق بولۇۋەرسە، ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدىغان خاراكتېر يېتىلىپ قالىدۇ.

كىچىك كارل ھەمراھلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى كۆز - كۆز قىلماقچى بولسا، كارل ۋىتىر ئۇنى توسۇپ، نەق مەيداندىلا تەنقىدلەيتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئوغلىنىڭ ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەپ تۇرۇۋالىدىغان «ئۆلىما» بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىدىن ئىدى. بۇ خىل ئەنسىرەشنىڭ ھەقىقەتەن ئاساسى بار ئىدى.

بالىلاردىكى ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش پەقەت ۋە پەقەت ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنىلا كۆرۈپ، يېتەرسىزلىكىنى كۆرمەسلىك، ئۆزىنى ھەممىدىن كۈچلۈك دەپ قاراش، ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنچىلىك قىلىش، باشقىلارنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ ئويلىماسلىقتۇر. ئاتا - ئانىلار بالىلاردا بۇ خىل ئەھۋالنى يېڭى بايقىغاندىلا چەكلىشى، سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە قىلىشى، ئۇلارغا ئۇز ئارتۇقچىلىقى ھەم يېتەرسىزلىكىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىگە توغرا باھا بېرىشنى ئۆگىتىپ قويۇشى كېرەك.

بالىلارغا ئالاقە جەريانىدا كەمتەر بولۇشنى ئۆگىتىش، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ھاكاۋۇرلۇق كېسىلىنى يۇقتۇرۇۋېلىشتىن توسۇش كېرەك.






# ئۆزىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغانلار بىلەن بەسلەشمەسلىك كېرەك

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىلار ئىشلەتمەيدىغان نەرسىلەرنى سېتىۋالماسلىقى، باشقىلاردا نېمە بولسا، بىزدىمۇ شۇ بولۇشى كېرەك دەپ ئويلىماسلىقى، ئۆزىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغانلار بىلەن بەسلەشمەسلىكى، ساختا شۆھرەت قوغلاشماسلىقى كېرەك.



2. بالىلار بۇ قائىدىنى چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن. بىراق بالىلار «ئويۇنچۇق ئالىمەن» دېگەندە، ئاتا ـ ئانىلار «نېمە ئۈچۈن مۇشۇ ئويۇنچۇقنى سېتىۋالىسەن؟» دەپ سوراپ بېقىشى كېرەك.

3. بالا« يېڭى ئويۇنچۇق ماشىنا ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھېچقايسىسىدا يوق، شۇڭا باشقىلار ئىنتايىن ھەۋەس قىلىدۇ» دەپ ئويلىغان بولغاچقا، سېتىۋالماقچى بولماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

4. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ تەلىپىنى بىراقلا رەت قىلىۋەتمەي: «ئۆيدە ئويۇنچۇق ماشىنا بار، يەنە سېتىۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. باشقىلارنىڭ ھەۋەس قىلىشى پەقەت ۋاقىتلىق، ئۇلارنىڭمۇ يېڭى ئويۇنچۇقى بار بولغاندا، ساڭا ھەرگىز ھەۋەس قىلمايدۇ. پەقەت سەن دوستانە، ئەدەپلىك بولساڭ، بالىلارنىڭ ھەممىسى سېنى ياقتۇرىدۇ. سېنىڭ بىلەن ئوينايدۇ» دېسە بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com



# كىچىك ھەمراھلىرىغا ھېكايە سۆزلەش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار بالىغا قىزىقارلىق بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرىدۇ، ئارقىدىن بالا ئۆزى ئاساسىي جەھەتتىن ئىپادىلەپ بېرەلىگۈدەك بولغۇچە، قايتا ـ قايتا سۆزلەيدۇ.



2. مۇۋاپىق بىر پەيتتە بالا ئاشۇ ھېكايىنى دوستلىرىغا ئېيتىپ بېرىدۇ. بالىنىڭ ھېكايە سۆزلىگەندىكى ئىنتوناتسىيەسىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

ئويۇننىڭ مۇھىم نۇقتىسى

بىرىنچىسى، بالا تارتىنمايدىغان، دادىل بولىدۇ. ئىككىنچىسى، بالىنىڭ ئىنتوناتسىيەسى ئارقىلىق، ئۇنىڭ مەغرۇرلىنىۋاتقانلىقىنى ياكى مەغرۇرلانمىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بالىغا چىرايلىق تەربىيە قىلسا، بالا يامان ئادەتلىرىنى چوقۇم خۇشاللىق بىلەن ئۆزگەرتىدۇ.



بالىلاردا دوستلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش جەريانىدا، مەغرۇرلىنىش ياكى ئۆزىنى ماختاش خاھىشى كۆرۈلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىش جەريانىدىكى پوزىتسىيەسىنى كۆپرەك كۆزىتىشى، دەل ۋاقتىدا بالىنىڭ خاتا ھەرىكەت، ئادىتىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. بالىنىڭ ئۆزىنى تونۇشى ۋە ھەرىكەت ئادىتىگە چوڭلار بەكرەك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىنى باھالىغاندا، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، ئەتراپلىق باھالاش كېرەك. ئالاھىدىلىكى ياكى كەمچىلىكىگىلا قارىۋېلىشقا بولمايدۇ. بالىلارنى ماختاش ۋە تەنقىدلەش مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك.



# هاكاۋۇرلۇق بىلەن خوشلىشىش




كىچىك كارل بىر مەزگىل ئۆزىنى باشقىلاردىن چوڭ تۇتۇپ، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلماي، دوستلىرىغا كەلسە ـ كەلمەس بۇيرۇق قىلىدىغان بولۇۋالغانىدى، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي يالغۇز قالدى. ئۇ ئىنتايىن ئازابلانغان ھالدا دادىسىغا: «مېنىڭ بىلەن ئوينايدىغان ئادەم يوق، ھەممىسى مېنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالدى» دېدى. كارل ۋىتىر ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ھەرىكەتلىرىنى بايقىغانىدى. ئۇ پەقەت ئوغلىنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى تېتىپ باقىدىغان مۇشۇ كۈننى ساقلاۋاتاتتى: «بالام، سىز ھەقىقەتەن ياخشى بالا، ھەرقايسى جەھەتلەردە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردىڭىز. بۇنىڭدىن پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدۇ. ئالدىنقى بىر مەزگىلدە سىز ھەمىشە ئۆزىڭىزنى باشقىلاردىن ئەقىللىق چاغلىدىڭىز، ھەتتا باشقىلارنى كۆزگە ئىلمىدىڭىز. لېكىن بالام، بىلىشىڭىز كېرەك، بىر مۇنەۋۋەر ئادەمگە نىسبەتەن، پەقەت مول بىلىم ۋە ئىقتىدار بولسىلا يەتمەيدۇ، يەنە نۇرغۇن ئادەملەر سىزنى قوللىشى، سىزگە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك» دېدى كارل ۋىتىر سەممىيلىك بىلەن.

دادىسىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، كىچىك كارل تۇيۇقسىز بىر پىرىنسىپنى چۈشەنگەندەك، دادىسىدىن ئۆزىنىڭ ھازىر قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى سورىدى. كارل ۋىتىر: «بۇ ئىشنى ھەل قىلماق ئىنتايىن ئاسان، سىز پەقەت ھاكاۋۇرلۇقىڭىزنى تاشلىسىڭىزلا بولىدۇ. باشقىلار بىلەن دوستانە، ئىناق ئۆتسىڭىز، ئاندىن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيسىز، دوستلىرىڭىزمۇ بارغانسېرى كۆپىيىدۇ» دېدى.

كىچىك كارل دادىسىنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ، ئۆزىنى «تالانت ئىگىسى» ياكى «تالانتلىق بالا» دەپ قارىۋالماي، ھەممە ئادەمگە كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدى. دەرۋەقە، ئۇنى تاشلاپ كەتكەن ئاشۇ كىچىك ھەمراھلىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوينايدىغان بولدى. ئۇمۇ باشقىلارنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، دوستلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى.




كىچىك بالىلار ئاسان مەغرۇرلىنىدۇ. ئازراق يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋېلىش، يېڭى ئويۇنچۇقلارنى ئويناش ئۇلارنى بەك پوچى قىلىۋېتىدۇ. بىراق باشقىلارغا ئەدەپسىزلىك قىلسا، ئۇلارنى كۆزگە ئىلمىسا، ئۆزى يالغۇز قالىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا بالىلارغا جاپانىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويۇش كېرەك. جاپانىڭ تەمىنى تېتىتىش ئۇلارنى تەربىيەلەشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى. بىراق بالىلارنى تەربىيەلەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى يەنىلا تۇرمۇشتا مۇۋاپىق پەيتنى چىڭ تۇتۇپ تەربىيەلەشتۇر. بالىلارنى تەربىيەلەش جەريانىدا نوقۇل ھالدا ماختاۋەرمەي بەلكى بالىلارغا ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنىمۇ بىلدۈرۈپ قويۇش كېرەك. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ۋە كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىۋېلىش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com








# تەكەببۇر توزچاق

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ھېكايە كىتاب

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار ھېكايە كىتابنى ئېلىپ بالىسىغا «تەكەببۇر توزچاق» دېگەن ھېكايىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، ئەڭ ياخشىسى رەسىم قىستۇرۇلغان بولۇشى كېرەك، بۇنداق بولغاندا بالا ئاسان چۈشىنىدۇ.



2. ئىلگىرى ئورمانلىقتا چىرايلىق بىر توز بولغانىكەن، ئۇ بەك چىرايلىق بولغاچقا، نۇرغۇن كىچىك ھايۋانلار ئۇنىڭ بىلەن ئوينايدىكەن. دەسلەپتە ئۇنى ئويناشقا تەكلىپ قىلماقچى بولغان كىچىك ھايۋانلار ئۇزۇن سەپ بولۇپ تىزىلىپتۇ. بىراق توزچاق ھاكاۋۇرلۇق بىلەن خالىغان بىر نەچچە ھايۋاننى كۆرسىتىپ: «سىلەر بىر نەچچىڭلار ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئويناڭلار» دەيدىكەن.

3. توزچاققا ئويۇن ئويناش خۇشياقمىسىلا باشقىلارنى «ماڭا قاراڭلار، مەن نېمىدېگەن چىرايلىق ـ ھە، سىلەرچۇ، نېمىدېگەن كۆرۈمسىز، چوشقا كۈچۈكىدەك دۆت، ئېشەكتەك سەت» دەپ، كېتىپ قالىدىكەن.

4. شۇنداق قىلىپ، توزچاق ئورمانلىقتىكى كىچىك ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى مەسخىرە قىلىپ چىقىپتۇ. بارا ـ بارا ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن ئوينىمايدىغان بولۇپتۇ.

92

# چاۋاك - چاۋاك

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئىككى بالىنى ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرغۇزۇپ، «چاۋاك چېلىش ئويۇنى» ئوينىتىمىز. باللار ناخشىغا ئەگىشىپ چاۋاك چالىدۇ. چاۋاك ناخشىسى:

سەن چال بىرنى ، مەنمۇ ھەم بىرنى، بىر بالا ئويۇندى ئايروپىلاننى، مەن ئىككىنى چالاي، سەنمۇ ھەم ئىككىنى، ئىككى بالا توختىماي ئۆرۈپدۇ چاچنى، مەن چالاي ئۈچنى، سەنمۇ ھەم ئۈچنى، ئۈچ بالا تەڭ يەيمىز يوغان بىر ناننى، مەن چالاي تۆتنى، سەنمۇ ھەم تۆتنى، تۆتىمىز يازىمىز تۆت - بەش تال خەتنى، مەن چالاي بەشنى، سەنمۇ ھەم بەشنى، بەش شاكىچىك پۇۋلەيلى تۆمۈر كانايىنى .



2. ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن، بالىنىڭ ئوينىشىغا يېتەكچىلىك قىلىمىز.

3. ئەمدى باشلانغاندا، بالا ناخشىنىڭ رىتىمى بويىچە چاۋاك چېلىشنى ناتايىن. بالا پەقەت چاۋاك چېلىش ھەرىكىتى ئىشلىيەلىسىلا بولىدى.

4. ئەگەر بالا كىچىكرەك بولسا، ئويۇننى ئاددىيراق ئوينىسا بولىدۇ.



يالغۇز پەرزەنتلەرنىڭ تۇرمۇشى زېرىكىشلىك ۋە مەنىسىز بولىدۇ. شۇڭا تەڭ ياشتىكى باللار بىلەن ئوينىتىپ تۇرۇش كېرەك. بولمىسا بالا ئاسانلا ھاكاۋۇر، بۇيرۇقۋاز ياكى جىلىخور بولۇۋالىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىنى كۆپرەك سىرتقا ئېلىپ چىقىشى، دوستلىرى بىلەن كۆپرەك ئوينىتىشى كېرەك. بالا دوستلىرى بىلەن ئويناش جەريانىدا كىشىلىك مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

www.uyghurkitap.com



# بالا قانداق قىلغاندا كىچىك مېھمان بىلەن ئىناق ئۆتەلەيدۇ




كارل ۋېتىرنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى ۋېرناس بىر مەزگىل ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇردى. ئۇ كىچىك كارلدىن بىر ياش كىچىك بولۇپ، بەك ئوماق ئىدى، شۇڭا ھەممىسى ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. كىچىك كارلنىڭ ئاپىسىمۇ ئۇنىڭغا بەك كۆيۈنەتتى. شۇنىڭ بىلەن كىچىك كارل ۋېرناسنى ئاپىسىنىڭ مۇھەببىتىنى تارتىۋالدى دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلدى.

ئانىسى كىچىك كارلغا تەنبىھ بەرمىدى، ئۇنىڭدىن «نېمىشقا ئىنىڭىز بىلەن چىقىشالمايسىز؟» دەپمۇ سورىمىدى. بەلكى ئۇنىڭغا ئىنىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. ئانىسىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى ئۇنىڭغا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلدۇردى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى، تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش كېرەكلىكىنى بىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن كىچىك كارل نەۋرە ئىنىسىنىڭ ھالىدىن قولىدىن كېلىشىچە خەۋەر ئالدى، ئۇنىڭ بىلەن ئوينىدى، ئۇنىڭغا كىتاب ئوقۇپ، ھېكايە ئېيتىپ بېرىدىغان بولدى.




ھازىرقى ئائىلىلەردە بىر ياكى ئىككىلا پەرزەنت بار. شۇڭا ئاكا ـ سىڭىللار ئارىسىدا ئۆزىگە تېخىمۇ ئامراق بولسۇن دەپ قىزغىنىدىغان ئەھۋاللار ئاساسەن يۈز بەرمەيدۇ. بىراق ئۆيگە مېھمان كەلگەندە، بولۇپمۇ كىچىك مېھمان ئۆيدە ئۇزاقراق تۇرغاندا، بالىنىڭ پىسخىكىسىدا بىر قاتار ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىدىكى پىسخىك ئۆزگىرىشلەرگە ۋاقتىدا دىققەت قىلىپ، بالىغا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاۋۋالقىدەكلا ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى، ئۇنىڭ كىچىك غوجايىن ئىكەنلىكىنى، كىچىك مېھمانغا قاراش مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشى كېرەك.

بۇنداق ئەھۋالغا ئۇچرىغاندا، ئاتا ـ ئانىلار بالىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەسلىكى، بالىنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەشكە ياردەم قىلىشى كېرەك. چۈنكى بالىغا ئاتا ـ ئانىسى ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغاندەك ياكى چۈشەنمەيدىغاندەك تۇيۇلۇپ، ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغاندەك ھېس قىلىدۇ. بۇ خىل ئۇۋالچىلىق بالىنىڭ مىجەزىنى تېرىككەك، كەلسە ـ كەلمەس ئاچچىقلىنىدىغان قىلىپ قويىدۇ. بەلكىم بالىنى ئاجىز، ئالاقىلىشىشقا ماھىر ئەمەس، جىمغۇر قىلىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن.





# كىچىك مېھماننى كۈتۈۋېلىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: توشقان نىقابى

ئويناش ئۇسۇلى

1. دادىسى توشقانچاقنىڭ نىقابىنى تاقاپ، توشقانچاقنىڭ رولىنى ئالىدۇ.

2. ئانىسى بالىنى ئېلىپ، «توشقانچاق» نىڭ ئۆيىگە مېھمان بولغىلى بارىدۇ. «توشقانچاق» كىچىك مېھماننى قىزغىن قارشى ئالىدۇ، ئانىسى بالىنى «توشقانچاق» بىلەن سالاملىشىشقا ئۈندەيدۇ. «توشقانچاق» بالىغا: «ئولتۇرۇڭ» دەيدۇ ھەم مېۋە ئېلىپ كېلىپ، بالىنى كۈتۈۋالىدۇ، بالا «رەھمەت» دەيدۇ. بالا ئۇنتۇپ قالسا، ئاپىسى ئۆگىتىدۇ. ئايرىلغاندا، «توشقانچاق»بىلەن ئەدەپ بىلەن خوشلىشىدۇ.

3. مېھمان بولۇش جەريانىدا، ئانىسى بالىنى «توشقانچاق»نىڭ مېھماننى قانداق كۈتۈۋالغانلىقىنى كۆزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، مەسىلەن: مېھمان ئاۋۋال ئولتۇرۇش، ئۆزى كېيىن ئولتۇرۇش دېگەندەك ئەدەپ ـ قائىدىلەر.

4. بالا بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالا ئالمىشىپ رول ئالىدۇ، ئۇنىڭغا ئەدەپ سۆزلىرى ۋە مېھمان چاقىرىش قائىدىلىرى ئۆگىتىلىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مەن ساھىبخان

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: تىيىن قونچاق، ئېيىق قونچاق (باشقا قونچاق بولسىمۇ بولىدۇ)

ئويناش ئۇسۇلى



بالا چوڭ ئېيىقنىڭ رولىنى ئالىدۇ. ئاپىسى كىچىك ئېيىقنىڭ رولىنى ئالىدۇ، دادىسى تىيىننىڭ رولىنى ئالىدۇ. تىيىن ئېيىقنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كېلىدۇ. چوڭ ئېيىق تىيىننى كۈتمەن دەپ، بالا ئېيىققا تۈزۈك قارىيالماي قالىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىدىن «كىچىك ئېيىققا قارىيالماي قالدىڭ، ئۇ ئەمدى خاپا بولۇپ قالامدۇ؟» دەپ سورايدۇ. بالا چوقۇم «ياق، مەن مېھمان كۈتۈۋاتسام، ئۇ خاپا بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. ئاتا ـ ئانىلار داۋاملىق «ئەمىسە كىچىك ئېيىق قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئاپىسىغا ياردەملىشىپ تىيىننى كۈتۈشى كېرەكمۇ؟» دەپ سورايدۇ. بالا چوقۇم «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئاتا ـ ئانىلار بالىغا ئۆيگە مېھمان كەلگەندە بالىلارنىڭ نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى دەپ بېرىدۇ.



بالىنى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا ئېلىپ بېرىش، باشقا بالىلارنى ئۆيىدە ئويناشقا تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق بالىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە تەجرىبىسىنى كۆپەيتىپ، ئۇنىڭغا مۇراسىم (مېھماندارچىلىق) نىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى ئۆگەتكىلى بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار ئۆيگە مېھمان كەلگەندە بالىلار بىلەن پەقەتلا كارى بولماي قېلىشتىن ساقلىنىش، بالىلار بىلەن كۆپرەك پاراڭلىشىپ، بالىنىڭ قانداق ئويلايدىغانلىقىنى بىلىپ، بالىنىڭ كەيپىياتىنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

# 6 ـ بۆلەك

## پەزىلەت تەربىيەسى

### 2. بالىلار قانداق قىلغاندا ئائىلە ئەزالىرى بىلەن ئىناق ئۆتەلەيدۇ

ياخشى ئائىلە كەيپىياتى بالىنىڭ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى ھەم پسىخىك تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئازادە، خۇشال، يۇمۇرىستىك، ئىللىق ئائىلە مۇھىتى بالىنىڭ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىجابىي رول ئويناپ، ساغلام تەرەققىي قىلىدۇ. ياخشى ئائىلە كەيپىياتى يارىتىشتا، ئاتا ـ ئانىلار يېتەكچى رول ئوينايدۇ. بالىمۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى، شۇڭا ئۇنىڭ خاتىرجەملىكىمۇ ئائىلە كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بالىغا ئائىلە ئەزالىرى بىلەن قانداق ئۆتۈشنى ئۆگىتىشمۇ بەك مۇھىم.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# پىكىر ئالماشتۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، ئىللىق ئائىلە بەرپا قىلىش




كارل ۋېتىرنىڭ بىر دوستى ئۇنىڭغا: «سىز بىلمەيسىز، ئائىلىدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋىتىم ياخشى ئەمەس. بەزى ئىشلاردىن نومۇس قىلغاچقا، ھەقىقىي ئەھۋالنى سۆزلەشنى خالىمايمەن. ھازىر مەن ئۆيگە قايتىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدىم» دەيدۇ.

كارل دوستىغا: «مەن سىلەرگە ئائىلە يىغىنى ئېچىشنى تەۋسىيە قىلىمەن، ھەممىڭلار كۆڭلۈڭلاردىكى گەپنى ئوتتۇرىغا قويساڭلار بولىدۇ» دەيدۇ.

دوستى كارلنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلاپ، قايتىپ بېرىپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ھەپتىلىك يىغىن ۋاقتىنى بېكىتىدۇ، ھەم يىغىندىن ئاۋۋال خاتا قىلدىم، دەپ قارىغان ئىشلارنى خاتىرىگە يېزىپ، يىغىندا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يىغىن ئاخىرىدا بىر رەھبەر تاللايدۇ، ئۇ ئائىلىدىكى بارلىق ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

يېڭى باشلانغاندا نۇرغۇن زىددىيەت بار ئىدى، ھەممىسى تەشۋىشلەنگەنىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ھەممىسىنىڭ قەلبىدىكى تۈگۈن يېشىلىپ، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سۆزلەپ، زىددىيەت ئاستا ـ ئاستا يوقالدى. ئائىلە كەيپىياتى بارغانسېرى ياخشىلاندى.




پىكىر ئالماشتۇرۇش مەسلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ يولى. ئائىلىدە ھەممەيلەن تۇغقان بولسىمۇ، بىراق ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بولىدۇ. ئۈچ ياشلىق بالا بولسىمۇ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئاتا- ئانىسى بىلىشى كېرەك. كىچىك بالىلار كۆڭلىگە ئېلىۋالىدىغان ئىشلار چوڭ ئادەملەرگە نىسبەتەن تۇتامغا چىقمايدىغان ئۇششاق ئىشلار. شۇڭا ئائىلە تەربىيەسىدە ئۇششاق ھالقىلار ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار بالا بىلەن ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرى توغرىسىدا ۋاقتىدا پىكىر ئالماشتۇرالىسا، مەسىلەن: ئانىسى بالىغا «ئەگەر ئويۇنچۇقىڭىزنى ياخشى يىغىشتۇرسىڭىز، ئانىڭىز ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ» دېيەلىسە، بالا دادىسىغا «كۆپرەك ۋاقىت چىقىرىپ، مېنىڭ بىلەن ئوينا» دېيەلىسە، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەيىبلىشى ۋە بالىلارنىڭ يولسىز جېدەللىرىنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

بالىلار بىلەن ۋاقتىدا پىكىر ئالماشتۇرغاندا بالىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بالا بىلەن ئاتا ـ ئانىلار ئارىسىدىكى ئىشەنچ تېخىمۇ كۈچىيىپ، تەربىيەنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ ئاشىدۇ.




# چىراي ئىپادىسى سىزىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 6 ~ 4 ياش

كېرەكلىك نەرسىلەر: قېلىن قەغەز، رەسىم قەلىمى

ئويناش ئۇسۇلى

1. تامغا بىر ۋاراق روھىي ھالەت جەدۋىلى چاپلىنىدۇ، جەدۋەلدە ھەربىر ئائىلە ئەزالىرىغا بىر قۇر بوشلۇق تاشلىنىدۇ. ھەر كۈنى ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ روھىي ھالىتىنى كۈلكە چىراي ۋە يىغا چىراي ئارقىلىق جەدۋەلگە سىزىدۇ.

2. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ شۇ كۈندىكى روھىي ھالىتىنىڭ قانداقلىقىنى بىۋاستە چۈشىنەلەيدۇ. ئاندىن بالا بىلەن نېمە ئۈچۈن خۇشال ياكى خاپا ئىكەنلىكى ھەققىدە پاراڭلىشىپ، بالىنىڭ ئويلىغانلىرىنى تېخىمۇ كۆپ بىلەلەيدۇ.




3. ھەر كۈنى مۇقىم بىر ھۇزۇرلىنىش ۋاقتى بېكىتىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەممەيلەن بۈگۈنكى ئەڭ خۇشاللىنارلىق ئىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ.

4. ئاتا ـ ئانىلار ھەپتىدە بىر قېتىم كىمنىڭ كۈلكە چىرايىنىڭ ئەڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىستاتىستىكا قىلىدۇ، ھەم نېمە ئۈچۈن بەزى ئادەملەرنىڭ كۈلكە چىرايى كۆپ، قانداق قىلغاندا ئۆزىمىزنى خۇشال قىلالايمىز دېگەندەك تېمىدا بالا بىلەن مۇھاكىمە قىلىدۇ، يەنە بالا ئۆزى ئۇچرىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# كىچىك خوجايىن بولۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: پېچىنە ـ پىرەنىك، مېۋە، ئويۇنچۇق قاتارلىقلار

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىغا كىچىك دوستلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى، بالىنىڭ كىچىك ساھىبخان بولىدىغانلىقىنى، كىچىك مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشقا ياخشى تەييارلىق قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىمىز.

2. كىچىك مېھمانلار كەلگەندە، بالا كىچىك مېھمانلارنى قارشى ئالىدۇ، مەدەنىي، ئەدەپلىك سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىدۇ، مەسىلەن: ياخشىمۇسىز، كىرسىلە، ئولتۇرسىلا قاتارلىقلار.

3. بالا ئۆزى مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدۇ، ئانىسى تەييارلىغان مېۋە ۋە پېچىنە ـ پىرەنىكلەرنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويىدۇ.

4. ھەممەيلەن تاماق يەپ بولۇپ، ئويۇن ئوينىغىلى بارىدۇ.

5. ئويۇن ئويناۋاتقاندا، بالا مېھمانلارنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىدۇ.

6. مېھمانلارنى ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىلار بالا بىلەن بىرلىكتە بۇ قېتىمقى كۈتۈۋېلىشتە قايسى ئىشنى ياخشى قىلالىغان، قايسى ئىشنى ياخشى قىلالمىغانلىقى توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىشىدۇ.



100

# بالا بىلەن ئالمىشىپ رول ئېلىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە .

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا - ئانىلار بالا بىلەن ئوينايدۇ.

2. مەسىلەن: كەچلىك ئارام ئېلىش ۋاقتى: «بالا» تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقاندا، «ئانا»سى يۈگۈرۈپ كېلىپ، تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، ئاندىن كەسكىن هالدا: «بىرىپ پىيانىنو مەشىق قىلىڭ، تېلېۋىزورنى كۆپ كۆرسە كۆزگە زىيانلىق» دەيدۇ.

3. «بالا» بىچارىلىك بىلەن: «مەن هازىرلا تاپشۇرۇق ئىشلەپ بولدۇم» دەيدۇ.

4. «ئاپا»سى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا: «تاپشۇرۇق دېگەن تاپشۇرۇق، پىيانىنو دېگەن پىيانىنو» دەيدۇ.

5. ئالمىشىپ رول ئېلىش جەريانىدا، بالا ئاتا - ئانا بولۇشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى هېس قىلىدۇ، ئاتا - ئانىلارمۇ بالىنىڭ تەقلىدىي ئويۇنىدىن ئۆزىنىڭ ئادەتتە بالىغا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالىدۇ، بالىنىڭ هېسسىياتىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىۋالالايدۇ.

«رول ئېلىش» ئاتا - ئانىلار بىلەن بالىنى ئالماشتۇرۇپ پىكىر قىلغۇزۇش ئاتا - ئانىلار بىلەن بالا مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.







ئائىلە بالا ئۆسۈپ يېتىلىدىغان بىرىنچى مەكتەپ، ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ بىرىنچى ئوقۇتقۇچىسى. ئاتا - ئانىسىنىڭ هەربىر سۆز - هەرىكىتى بالىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئائىلە تەربىيەسىدە ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، سۆز - هەرىكىتى ۋە ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىشى كېرەك. «بالا بىلەن ئالمىشىپ رول ئېلىش» ئاتا - ئانىلار بىلەن بالىنى ئالماشتۇرۇپ پىكىر قىلغۇزۇش ئاتا - ئانىلار بىلەن بالا مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم




گېرمانىيەدە كەچلىك تاماق بىر كۈن ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋاقىت. كارل ۋېتىر بۇ ۋاقىتقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئائىلىسىدىكىلىرى بىلەن ئائىلىدىكى ھەر خىل مەسىلىلەرنى مۇنازىرە قىلاتتى. ھەربىر ئائىلە ئەزاسى ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى، پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدا كارل ۋېتىر بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ كىچىك كارل بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ ئادەتتىكى ۋاقىتتىكىدىن كۆپ ياخشى بولىدىغانلىقىنى بايقىغانىدى.

كارل ۋېتىر يەنە خوتۇنى بىلەن كىچىك كارلنى ئېلىپ دائىم سىرتقا تاماق يېگىلى چىقاتتى. ئۇلار بەزىدە ئاشخانىغا باراتتى، بەزىدە شەھەر سىرتىغا سەيلىگە چىقىپ غىزالىناتتى. كىچىك كارل ئاتا - ئانىسى بىلەن ئازادە - خۇشال كەيپىياتتا سىردىشالايتتى.




ياخشى پىكىر ئالماشتۇرۇش مۇھىتى ئاتا - ئانىلار بىلەن بالىنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇشىنىڭ مۇھىم شەرتى. پەقەت خۇشال، ئىناق كەيپىيات بولغاندىلا، ئاندىن بالا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئاتا - ئانىسىغا دېيەلەيدۇ.

ئاتا - ئانىلار پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋاقتى، ئورنى، مۇھىتى ۋە شەكلىنى ياخشى ئويلىشىشى كېرەك. مەسىلەن: بالا ھېسسىيات جەھەتتە تۇراقسىز بولسا، بالىنىڭ تىنچلىنىۋېلىشىغا بەلگىلىك ۋاقىت ۋە بوشلۇق بېرىش، داۋاملىق تەسەللى بېرىش كېرەك. ئاتا - ئانىلار قۇچاقلاش، سىلاش ئارقىلىق بالىغا ئىللىقلىق ۋە مېھرىبانلىقنى ھېس قىلدۇرۇشى، بالىدىن ئاغزى بېسىلماي سورايدىغان ئىشنى قىلماسلىقى كېرەك.

ياخشى پىكىر ئالماشتۇرۇش مۇھىتىدا بالا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئەركىن - ئازادە، تارتىنماستىن دېيەلەيدۇ. ئەگەر بالا ئاتا - ئانىلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشەلىسە، ئۇ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ۋە جۈرئەتلىك بولىدۇ.






# دالا تامىقى

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: دالا تامىقىغا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار بالىنى ئېلىپ يېقىن ئەتراپتىكى باغچە ياكى شەھەر سىرتىغا دالا تامىقى يېيىشكە چىقىدۇ، دالا تاماققا كېرەكلىك سايمان ۋە يېمەكلىكلەرنى تەييارلايدۇ، تەييارلاشقا بالىمۇ قاتنىشىدۇ.

2. بالا دالا تامىقى داستىخىنىنى سېلىشقا ياردەملىشىدۇ.

3. بىر تەرەپتىن دالا تامىقى يېگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەتراپتىكى مەنزىرىدىن ھۇزۇرلانغاچ، ئۆزئارا تەسىرات ئالماشتۇرىدۇ. بالىنى كۆپرەك سۆزلىتىدۇ.

4. بۇ ياشتىكى بالىلار بىر قەدەر ھەرىكەتچان، شۇڭا بىخەتەرلىكنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، ئەركىن پائالىيەت قىلىشقا يول قويسا بولىدۇ.

5. بالا سۆزلەۋاتقاندا ئاتا ـ ئانىلار ئىمكانىقەدەر ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتمەسلىكى، سەۋرچانلىق بىلەن گېپىنى ئاڭلىشى، بالىنىڭ قارىشىغا قوشۇلمىغان بولسىمۇ، دەرھال ئىنكار قىلىۋەتمەي، سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن تۈزىتىشى كېرەك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئەركىن سەيلە قىلىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. ھاۋا ئوچۇق ياخشى كۈننى تاللاپ، بالىنى سىرتقا سەيلىگە ئېلىپ چىقىمىز.
2. بالىغا ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنى كۆپرەك كۆزەتكۈزىمىز. مەسىلەن: يول بويىدىكى گۈل - گىياھ، ئۇچۇۋاتقان كىچىك قۇشلار، يولدىكى ماشىنىلار ۋە يول بويىدىكى يولۇچى قاتارلىقلار.
3. بالىنى كۆپرەك گەپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىمىز.



ياخشى كەيپىيات يارىتىپ بالىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش بىر - ئىككى كۈنلۈك ئىش ئەمەس. ئاتا - ئانىلار ئۇزاق مەزگىللىك ئوچۇق، ئەركىن مۇھىت يارىتىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇشى كېرەك. سۆھبەتلەشكەندە ئاتا - ئانىلار مۇلايىم پوزىتسىيەنى، خۇشخۇي چىراي ھەمدە ئەركىن پىكىرئالماشتۇرۇش شەكلىنى ساقلىشى كېرەك. مۇشۇ ئامىللارمۇ ياخشى سۆھبەتلىشىش كەيپىياتى يارىتالايدۇ.



# بالىنىڭ ئويىنى ئاڭلاش




كارل ۋېتىر بىلەن خوتۇنى ھەر كۈنى كەچتە كىچىك كارلغا شۇ كۈنى ئۆزى يولۇققان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى، كىچىك كارلمۇ ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىپ، قايسى ئىشنىڭ توغرا، قايسى ئىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۆزىگە يارىشا باھا بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ، كىچىك كارل ئۆز خاتالىقلىرىنى ئۈستىدە ئويلىنىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالدى .

كارل بىلەن خوتۇنى كىچىك كارلنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدىغان بولغاچقا، كىچىك كارلمۇ ھەممە ئىشتا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن پاراڭلىشاتتى. كارل ۋېتىر پاراڭلىشىش جەريانىدا بالىسىنىڭ توغرا ۋە ياخشى كۆز قاراشلىرىنى ماختايتتى، ئۇنى رىغبەتلەندۈرەتتى. ئەگەر خاتا كۆز قاراشلىرى بولسا، ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ قوياتتى ھەم تۈزەتكۈزەتتى .

بىر قېتىم كىچىك كارل قوشنىسى بوئىن خانىمنىڭ قاپىقىنىڭ يامانلىقىنى، شۇڭا ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى دېدى. كارل ۋېتىر بالىسىنىڭ يۈزەكى ھۆكۈم قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «بالام، سەن بوئىن خانىمنىڭ قوپاللىراق ئىكەنلىكىگە قاراپلا، ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن، دېدىڭ. سەن بوئىن خانىمنىڭ بىرلا تەرىپىنى كۆردۈڭ، ئەمەلىيەتتە بوئىن خانىم بەك ئاق كۆڭۈل ئايال، ھەممىسنى ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ. ئەگەر سەن ئۇنىڭغا دوستانە مۇئامىلە قىلساڭ، ئۇمۇ ساڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىسەن» دېدى .




كۆپىنچە ئاتا ـ ئانىلار بالىسى بىلەن پىكىرلەشمەيدۇ، بالىسىنىڭ ئۆزىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار بالىسىنىڭ ئۆزى بىلەن پاراڭلىشىشنى خالىمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ پىكرىگە گۇمانىي نەزەر بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى، ھەتتا قارشىلىشىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ ئۆزى بىلەن ئازادە پاراڭلىشىشىنى ئۈمىد قىلسا، ئاۋۋال بالىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىشى، ئۇنىڭ دۇنياسىنى چۈشىنىشى، بالىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىشى كېرەك، ئاندىن بالا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئەركىن ـ ئازادە پاراڭلىشالايدۇ .

بالىنىڭ پىكرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاندا، بالا ئۆز قارىشىنى ئەركىن ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى بىلەلەيدۇ، ئاتا ـ ئانىلارمۇ بالىنىڭ ئويىنى ۋاقتىدا، ئەتراپلىق چۈشىنەلەيدۇ ھەم بالىنى توغرا يۆلىنىشتە يېتەكلىيەلەيدۇ .

www.uyghurkitap.com






# بالىنىڭ ھېكايىسى

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. ھەر كۈنى بالىنىڭ بىر ئىشنى تولۇق سۆزلەپ بېرىشىنى ئاڭلاش.

2. مەسىلەن: كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىنكى ئارام ئېلىش ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىلار بىر تەرەپتىن بالا بىلەن ئويۇن ئوينىغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن بالىنىڭ بۈگۈن يۈز بەرگەن قىزىقارلىق ئىشلار ياكى كۆڭۈلسىز ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىشىنى ئاڭلاش.

3. بالىنىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا، پىكىر قىلىشى ئاستا، تىل راۋان بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاتا ـ ئانىلار سەۋرچانلىق بىلەن بالىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى، ئالدىراتماسلىقى، بالا خاتا سۆزلىسىمۇ ياكى كۆزقارىشى توغرا بولمىسىمۇ، بالىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتمەسلىكى، بالىنى تولۇق سۆزلەتكۈزۈشى لازىم.

4. بالا سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، بالىنىڭ سۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش، ئاندىن بالا بىلەن بىرلىكتە ئۇ سۆزلىگەن مەزمۇنلارنىڭ نەرىدە خاتالىق بارلىقى، نەرىنى تۈزىتىش كېرەكلىكى ھەققىدە مۇنازىرىلىشىش كېرەك.





# ھېكايىدىكى شەخسلەرنىڭ ھەرىكىتىنى باھالاش

ياش ئۆلچىمى : 3 ~ 6 ياشقىچە

سايمانلار : ھېكايە كىتاب

ئويناش ئۇسۇلى

1. دادا بالىسىنى قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزۇش ئارقىلىق، ئاتا ـ بالا ھېسسىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. دادىسى بالىسىغا ھېكايە سۆزلەپ بېرىدۇ: «ئەتىگەندە، خوراز ئۈچ قېتىم چىللىدى، قۇياش بوۋايمۇ چىقتى، مايمۇنچاق بوغچىسىنى يۈدۈپ يەسلىگە باردى. مايمۇنچاق شوخ ئىدى، بىردەم باشقىلارنىڭ ئويۇنچۇقىنى تارتىۋالسا، بىردەم كىچىك مۈشۈكئېيىق بىلەن ئۇرۇشاتتى. كۆپچىلىك مۇئەللىمگە ئەرز قىلدى، مۇئەللىم ئۇنى قاتتىق تەنقىدلىدى، مايمۇنچاق بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم ياخشى ئوقۇغۇچى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.»



2. دادىسى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، بالىغا ھېكايىنى بايان قىلدۇرىدۇ.

3. بالا بىلەن مايمۇنچاقنىڭ قىلغىنىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى، قانداق قىلىش كېرەك، دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىدۇ.



زەن قويۇپ ئاڭلاش بالىغا بولغان ھۆرمەت ۋە كۆڭۈل بۆلۈش بولۇپ، بالىنىڭ ئۆزىنى تونۇش ئىقتىدارىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتقاندا پوزىتسىيەسىگە دىققەت قىلىشى، بەدىنى ئازراق ئالدىغا قىيسىيىشى كېرەك. سۆھبەت جەريانىدا بالا بىلەن پىكىر ئالماشتۇرسا بولىدۇ، بىراق خالىغانچە بالىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتمەسلىكى، بالىنىڭ قارىشىنى ئىنكار قىلىۋەتمەسلىكى كېرەك. بالىلار كۆز قارىشىنى ئەركىن ـ ئازادە ئىپادىلىيەلىسە، كەمسىتىش ۋە مەسخىرىگە ئۇچرىمىسا، بالا ئىككىلەنمەي، تارتىنماي ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. بۇ بالىنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشى ۋە باتۇرلۇق بىلەن ھەر خىل ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشىغا پايدىلىق.

www.uyghurkitap.com

# ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدىغان بالا بولماسلىق كېرەك




كىچىك كارل ئۈچ ياش ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە نەۋرە سىڭلىسى كەلدى. بىر كۈنى ئۇلار ھويلىدا ياغاچ پارچىسى بىلەن ئۆي ياساپ ئويناۋېتىپ، ياغاچ پارچىسىنى قانداق تىزىشنى تالىشىپ، تاكاللىشىپ قالدى. كىچىك كارل سىڭلىسىغا يول قويماي، يۇگۇرۇپ بېرىپ ياسىلىپ بولمىغان كىچىك ئۆينى بىر تېپىپ ئۆرۈۋەتتى، ئاندىن قاراپمۇ قويماي ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

كارل ۋېتىر ئاچچىقلانمىدى، كىچىك كارل بىلەنمۇ كارى بولمىدى، ئاۋۋال جىيەن قىزىغا تەسەللى بەردى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن كارل ۋېتىر بالىسىنى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا چاقىرىپ، چوڭقۇر مەنىلىك ۋە سەممىيلىك بىلەن: «ئوغلۇم، ئادەتتە يالغۇز ئۆي ياسىغان ۋاقتىڭدا، تەسەۋۋۇرىڭنى مۇستەقىل جارى قىلدۇرسۇن دەپ، سېنى باشقۇرمايتتۇق. بۈگۈن سىڭلىڭ بىلەن بىللە ئوينىغاندا، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەسەۋۋۇرنى جارى قىلدۇرۇشقا پۇرسەت بەرمەيسەن؟ پۇرسەت بەرگەن بولساڭ، ئىككىڭلار كۆڭۈللۈك ئوينايتتىڭلار. يەنە ئىككى ئادەمنىڭ ئىقتىدارىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆينى تېخىمۇ ياخشى ياسيالايتتىڭلار ئەمەسمۇ. شۇنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇت، بىر ئادەمنىڭ ئىقتىدارى چەكلىك بولىدۇ، ئىشنى مۇكەممەل قىلمەن دەيدىكەنسەن، نۇرغۇن ئادەم بىلەن ھەمكارلىششىڭ كېرەك. سىڭلىڭ بەزى يەرلەرنى بىلمىسە، سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگەت، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئەسكىلىك قىلما. ئويلىنىپ باق، ئەگەر سەن بىرەر ئىشنى بىلمىسەڭ، مەن سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكلىمەي، ئەكسىچە ئاچچىقلانسام، قانداق ھېسسىياتتا بولىسەن؟»

كارل ۋېتىر سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، كىچىك كارل بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. بىراق ئۇ ئاللىقاچان ئاتىسىنىڭ ئۈمىدىنى چۈشەنگەنىدى. ئىككىنچى كۈنى ئۇ نەۋرە سىڭلىسى بىلەن خۇشال ئوينىدى، ھەم ناھايىتى ھەيۋەتلىك بىر «ئوردا» نى ياساپ چىقتى.




بالا جېدەل قىلغاندا ياكى بوينى قاتتىقلىق قىلغاندا ئۇنىڭغا تەنبىھ بەرمەسلىكى، تەنقىدلىمەسلىكى ياكى تەسەللى بەرمەسلىكى، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشى ياكى زېرىككىدەك يىغلىۋېلىشى ئۈچۈن بوشلۇق بېرىشى كېرەك. بالىنىڭ ھېسسىياتى تۇراقسىز بولغاچقا، ئاسان ئاچچىقلىنىدۇ ۋە جېدەل قىلىدۇ. بالا تىنچلانغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، بالىنى يېتەكلەش كېرەك .




# ئاچچىق باتۇر

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئاچچىق باتۇرنىڭ ھېكايىسى

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا «ئاچچىق باتۇر» دېگەن ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ھېكايە مۇنداق: بۇرۇنقى زاماندا بىر بالا بولغانىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى ئاچچىق باتۇركەن، چۈنكى ئۇنىڭ ئاچچىقى بەكمۇ يامان ئىكەن. كىچىك ئىشلارغىمۇ ئاچچىقلايدىكەن (مىسال ئېلىپ چۈشەندۈرىمىز). بىر كۈنى بىر مويسىپىت ئۇ بالىغا: «ھەربىر قېتىم ئاچچىقلانغاندا، بىر تال مىخنى ئىشىككە قاق» دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئاچچىق باتۇر ھەر قېتىم ئاچچىقلىسا، بىر تال مىخنى ئىشىككە قېقىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، ئىشىكنىڭ مىخ قاققۇدەكمۇ يېرى قالماپتۇ. ھېلىقى مويسىپىت ئۇنىڭغا: «ھەر قېتىم ئاچچىقىڭ كەلگەندە، بىر تال مىخنى ئىشىكتىن يۇل» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاچچىق باتۇر ھەر قېتىم ئاچچىقلىغاندا بىر تال مىخنى ئىشىكتىن يۇلۇپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، بىر كۈنى ئاچچىق باتۇر ئىشىكتە نۇرغۇن مىخ ئىزلىرىنىڭ قالغانلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇ ئىشىكنى شۇنداقلا ئىتتىرىپتىكەن، ئىشىك پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئاچچىق باتۇر شۇنىڭدىن كېيىن ئاچچىقلىمايدىغان بولۇپتۇ.



2. ئاتا ـ ئانىلار ھېكايە سۆزلەش جەريانىدا، بالىنىڭ كەيپىيات ئۆزگىرىشىگە دىققەت قىلىشى كېرەك. ئەگەر باش پېرسوناژنىڭ ئاچچىقلانغان ۋاقىتتىكى ئىپادىسى بىلەن بالىلارنىڭ ئاچچىقلانغاندىكى ئىپادىسى ئوخشاش بولسا، ئاسانلا بالىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايدۇ، شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنىڭ ئاچچىقلانغان ۋاقىتتا ئىپادىسى قانداق بولغانلىقىنى، قانداق ھېسسىياتقا كەلگەنلىكىنى سوراپ تۇرۇش كېرەك.

3. ھېكايە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئاتا ـ ئانىلار بىر تەرەپتىن ھېكايە ئېيتىپ بەرگەچ، پاسسىپ كەيپىياتتىن قانداق قۇتۇلۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ ئۆتۈشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

# رول ئالماشتۇرۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. مەلۇم بىر ئارام كۈننى تاللاپ، ئاتا ـ ئانا ۋە بالا ئۆزئارا ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ، بالىسى ئائىلە باشلىقى بولۇپ ئويۇن ئوينايدۇ.



2. بالا ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيدىكىلەرنى ئويغىتىدۇ ۋە يۈز ـ قولىنى يۇيۇپ تاماق يېيىشكە چاقىرىدۇ، ئاتا ـ ئانىسى ئېرىنچەكلىك قىلىپ قوپمايدۇ، ھەم ئالدىرىتىشنى كۈتىدۇ.

3. ئورنىدىن تۇرۇپمۇ ئېزىلەڭگۈلۈك قىلىپ ئولتۇرىدۇ ھەم بالىنىڭ تېزراق بول دەپ ئالدىرىتىشنى كۈتىدۇ.

4. ئاتا ـ ئانىسى تاماق يەۋېتىپ جېدەل قىلىشقا باشلايدۇ، «تاماق ئوخشىماپتۇ يېمەيمەن، نېمىشقا توخۇ پاچىقى، ھامبۇرگ بولكىسى تەييارلىمايسەن، ئۆزۈڭ يە» دەپ قارغىشلىق قىلىدۇ.

5. ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بالا ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، تەسىراتى سۆزلىتىلىدۇ.

بالىلارنىڭ ھېسسىياتى تۇراقسىز، ئىپادىلەش ئىقتىدارى ئاجىز بولغاچقا ئاسانلا ئاچچىقلىنىدۇ. بالىلارنىڭ كەيپىياتى ناچار ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشماسلىق، سەۋرچان بولۇش، كەيپىياتى تۇراقلاشقان چاغدا ئاندىن ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ قويۇش لازىم.



# بالىڭىز بولمىغۇر گەپلەرنى ئۆگىنىۋالسا سوغۇققانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىڭ




بىر قېتىم بىر ئانا كارل ئەپەندىنى ئىزدەپ كېلىپ كۆڭلى پەرىشان هالدا: «بالام سەت گەپ قىلىدىغان بولۇۋاپتۇ، هېچقانداق قىلىپ ئۆزگەرتەلمىدىم، شۇ سەۋەبتىن كۆڭلۈم تېخىمۇ يېرىم» دەپتۇ. ئەسلىدە بۇ بالا دوستلىرىدىن «قوڭ» (كاسسا) دېگەن گەپنى ئۆگىنىۋالغانىكەن. بۇ گەپنىڭ قوپاللىقىدىن ئانا هەر قېتىم ئاڭلىغىنىدا بىزار بولىدىكەن، هەم بۇ سۆزنى ئادەت قىلىۋېلىشىدىن تولىمۇ قورقىدىكەن. قورققان يەردە جىن بار دېگەندەك، ئەھۋال بارغانسېرى يامانلاپ بېرىپتۇ. بۇ بالا گەپنى توختاتماستىن ئەكسىچە، نەچچە هەپتىنىڭ ئىچىدىلا نۇرغۇن «قوڭ»غا مۇناسىۋەتلىك گەپلەرنى توقۇپ چىقىپتۇ: «ئاسماندا بىر قوڭ تۇرىدۇ»، «تاتلىق قوڭ»، «قوڭ پىرەنىكى» دېگەندەك.

كارل ۋىتىر ئەپەندى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئانىغا: «بالىڭىز بۇ گەپنى تىلغا ئالسا هەرگىز ئاچچىقلانماڭ، كارىڭىزمۇ بولمىسۇن. مۇشۇنداق قىلسىڭىز بالىڭىز بۇنداق گەپلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ دىققىتىنى تارتماس بولۇپ قالغانلىقىنى هېس قىلىپ، ئاستا - ئاستا دېمەس بولۇپ قالىدۇ» دەپتۇ. ئانا كارل ۋىتىرنىڭ تەكلىپى بويىچە ئىش قىلىپتۇ، دېگەندەك ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ بالا بۇ گەپلەرنى تىلغا ئالمايدىغان بوپتۇ.




هەربىر بالا دېگۈدەك بىر مەزگىل سەت گەپ قىلىشنى ئادەت قىلىۋالىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىت دەل بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش دەۋرىدىكى چوقۇم بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان سەزگۈرلۈك دەۋرى. ئاتا - ئانىلار توغرا بولغان يېتەكلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بالىلارنىڭ سەت گەپ قىلىشنى ئادەت قىلىۋېلىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

بالىلار سەت گەپلەرنى ئۆگىنىۋالغاندا، ئاتا - ئانىلار ئەڭ ياخشىسى ئاڭلىمىغان بولۇپ تۇرۇۋېلىش كېرەك. چۈنكى هەرقانداق بىر ناچار قىلمىش بالىلارنىڭ ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسىگە ئاساسەن ئېرىشكەن، ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئاڭنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىنكاسى كۈچەيگەنسېرى بالىلارنىڭ بۇ قىلىقى ئەۋجىگە چىقىدۇ. ئۇلار «بۇ قىلغانلىرىم ئۆيدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى» دەپ هېسابلايدۇ. ئەگەر ئاتا - ئانىلار ئۇلارنىڭ ناچار قىلمىشى بىلەن كارى بولمىسا، ئۇلار ئۆزىچە بۇ ئىشنىڭ قىزىقى قالمىغاندەك هېس قىلىپ، ئاستا - ئاستا بۇ ناچار ئادىتىنى تاشلايدۇ.

www.uyghurkitap.com






# «سالقىن مۇئامىلە»

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىسى بالىسىنى ئېلىپ بازارغا چىققاندا، بالىنىڭ ئانچە زۆرۈر بولمىغان نەرسىلەرنى سېتىۋالغۇسى كېلىپ قالىدۇ.

2. مەسىلەن: بالا چىرايلىق بىر قەلەمداننى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە جېدەل قىلىپ يۈرۈپ ئالماقچى بولىدۇ، مەقسىتى ئەتە يەسلىگە بېرىپ دوستلىرىنىڭ قەلەمدانلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ماختىنىۋېلىش.



3. ئاتا ـ ئانىسى سېتىۋېلىشقا قوشۇلمىسا، بالا پوكەينىڭ ئالدىدىن كەتكىلى ئۇنىمايدۇ، ھەتتا ئېغىناپ، غەلۋە قىلىپ يىغلايدۇ.

4. ئاتا ـ ئانىسى بالىنىڭ قارغىشلىقىغا ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىسا، بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزى بىلەن كارى بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ، پوكەينىڭ ئالدىدىن يېنىپ كېلىدۇ.

5. بالىنىڭ كەيپىياتى تۇراقلاشقاندا، ئاتا ـ ئانىلار بالىسىغا ئېنىق چۈشەندۈرۈشى، ئەگەر قەلەمدان تاسادىپىي بۇزۇلۇپ كەتسە، ئۇنىڭغا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قەلەمدان ئېلىپ بېرىدىغانلىقى، ئەگەر قەستەن بۇزۇۋەتسە ھەرگىزمۇ يېڭىسىنى ئېلىپ بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇش كېرەك.

# بالا يىغلىسا بىپەرۋا بولۇۋالغان ياخشى

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىڭىز ئۇششاق ـ چۈششەك يېمەكلىك يېيەلمىسە ۋە ياكى تېلېۋىزور كۆرەلمىسە يىغلاپ ئەسكىلىك قىلىشى نورمال ئەھۋال، بۇنداق ۋاقىتتا بىپەرۋا بولۇۋېلىڭ.



2. بالىڭىز بىردەم يىغلايدۇ. ئۇ يىغىسىنىڭ كارغا كەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئاستا ـ ئاستا يىغىدىن توختايدۇ.

3. ئەگەر بالىڭىز يىغىسىنى توختاتماي ئۇششۇقلۇق قىلسا، ھەرگىز باغرى يۇمشاقلىق قىلماڭ. ئۆز ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ.

4. بەزى بالىلار تولىمۇ جاھىل كېلىدۇ، 15 مىنۇت، ھەتتا بىرەر سائەتمۇ يىغلايدۇ. بۇنداق بالىلارغا ئاتا ـ ئانىلار ئەڭ ياخشىسى قاتتىقلىق قىلماسلىقى كېرەك. دىققىتىنى بۇراش ۋە قائىدە سۆزلەش ئارقىلىق بالىنى بەزلىسە بولىدۇ.



«سوغۇققانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش» بالىلار خاتالىق ئۆتكۈزگەندىن كېيىن قوللىنىدىغان بىر خىل ياخشى تەدبىر، بۇ تەدبىرنى قوللانغاندا ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنى بېسىۋېلىشى كېرەك. بىراق «سوغۇققانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلغان»دىن كېيىن بالىغا ئۆز ۋاقتىدا توغرا يېتەكچىلىك قىلىش لازىم. ئەگەر پەقەت «سوغۇققانلىق» بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، ئىللىقلىق يەتكۈزمىسە، بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەي، ئەكسىچە «ئاتا ـ ئانام مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ» دەپ قارايدۇ. «سوغۇققانلىق» بىلەن بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، بالىغا ئۆز ۋاقتىدا ئىللىقلىق يەتكۈزسە، بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكنى تولۇقلىغىلى بولىدۇ، ھەم ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالىنىڭ ھېسسىياتىنى قويۇقلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 6 ـ بۆلەك

## پەزىلەت تەربىيەسى

### 3. بالا تەربىيەلەشتە ئاۋۋال جەمئىيەتنى چۈشەندۈرۈش كېرەك

باللارنىڭ قەلبى غۇبارسىز بولىدۇ، ئۇلار ئاق ـ قارىنى، ياخشى ـ يامانىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. باللارنىڭ نەزىرىدە ھەممە نەرسە شۇ قەدەر گۈزەل، شۇ قەدەر غۇبارسىز. بىراق ئەمەلىيەت ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس، شۇڭا باللارغا بۇ ئەمەلىيەتنى بىلدۈرۈپ قويۇش زۆرۈر.

باللارغا جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى بالدۇرراق كۆرسىتىپ قويۇش، ھەرگىزمۇ ئۇلاردا ناچار پسىخكا شەكىللەندۈرمەيدۇ، بەلكى ئۇلار بۇ دۇنيادا گۈزەللىكنىڭ، خۇنۇكلۇكنىڭ، ياخشى ھەم يامان ئادەملەرنىڭمۇ بارلىقىنى بىلىپ قالىدۇ خالاس. باللارغا ئاق ـ قارىنى پەرقلەندۈرۈشنى بۇرۇنراق بىلدۈرۈپ قويسا، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنى تونۇشىغا، چۈشىنىشىگە زور پايدىسى بار.



# گۈزەللىك بار يەردە رەزىللىكمۇ بار




بىر كۈنى كارل ۋېتىرنىڭ ئائىلىسى بىلەن قوشنىسى ۋۇدىلىسنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر دەريا بويىغا بېرىپ، دالا تاماقى يەپ كەلمەكچى بولىدۇ. ئۇلار تاماق ئېتىۋاتقاندا مىستىل ئۇلارغا قاراپ كېلىدۇ. مىستىل ئەمەلىيەتتە كىشىنى تولىمۇ بىزار قىلىدىغان ئادەم ئىدى، لېكىن كىچىك كارل بۇنى بىلمەيتتى. بىر ئادەمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىچىك كارل تولىمۇ ئەدەپ بىلەن ئۇنىڭغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىدۇ. مىستىل ئولتۇراي دېيىشىگە ۋۇدىلىس ئەپەندىم: «قوپۇپ كەت، ئادەمنى بىزار قىلماي» دەپ ۋارقىرايدۇ. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن كىچىك كارل ھەيرانلىقتا تۇرۇپلا قالىدۇ.

مىستىل كەتكەندىن كېيىن، كىچىك كارل ۋۇدىلىس ئەپەندىگە غەزەپلىك كۆزلىرىنى تىكىدۇ. بۇنى كۆرگەن كارل ۋېتىر كىچىك كارلغا مىستىلنىڭ بەزى ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ: «مىستىل بىر ئاقسانچى، ھورۇن ئادەم، ئۇ كۈنبويى ھېچ ئىش قىلمايدۇ، نەگىلا بارسا ئەپلەپ - سەپلەپ قورسىقىنى تويغۇزىدۇ. يەنە تېخى باشقىلاردىن پۇل ئارىيەت ئالىدۇ، بىراق قانداق قايتۇرمەن دېگەننى ئويلاپمۇ قويمايدۇ». كىچىك كارل بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي قالىدۇ. ئۇ: «بىراق مەن ئۇنى خېلى ياخشى ئادەمدەك ھېس قىلدىم، ئۇنداق بىكار تەلەپلەرگە ئانچە ئوخشىمايدىكەنغۇ !» دەيدۇ.

كارل ۋېتىر سەۋرچانلىق بىلەن كىچىك كارلغا چۈشەندۈرىدۇ: «بالام، بۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ تېشى پال - پال بولغىنى بىلەن ئىچى غال - غال، بەزى ئادەملەر گەرچە چىرايلىق ۋە مۇلايىم كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ياخشى ئادەم ئەمەس. چىرايلىق بولغاندىن كۆرە چىرايلىق ياشىغان ياخشى. بەزى ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى تۇغما قوپال بولىدۇ، بەزىدە تولىمۇ ياۋۇزلىشىپ كېتىدۇ. بىراق ئۇ ياخشى ئادەم بولۇشى مۇمكىن. ئادەم مۇرەككەپ ھايۋان، سەن ياخشى - يامان ئادەمنى ئايرىشنى ئوبدان ئۆگىنىۋالغىن. دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ نۇرغۇنلىرى شۇنداق ئىسىل، بىراق شۇنى ئۇنتۇپ قالمىغىنكى، گۈزەللىك بار يەردە رەزىللىكمۇ بولىدۇ. شۇڭا ھەر نەرسىگە يۈزەكى قارىمىغىن.»




دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن، قارىماققا مۇلايىم، ئاق كۆڭۈلدەك كۆرۈنگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاق كۆڭۈل بولۇپ كېتىشى ناتايىن، بۇ بىر ھەقىقەت. بۇنى چوقۇم بالىلارغا بالدۇرراق بىلدۈرۈپ قويۇش كېرەك. بالىلارغا بۇ ساۋاقنى بەرگەندە ئۇلارغا ئىللىق قۇياش نۇرىنى كۆرسەتكەندىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ جۇت - شىۋىرغىنىنىمۇ كۆرسىتىپ قويۇش كېرەك. ئاتا - ئانىلار تۇرمۇشنىڭ بۇ تەرىپىنى بالىلارغا كۆرسىتىپ قويۇشى، بىراق بالىلارنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىكى كېرەك. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى. بالىلارغا بۇ بىلىملەرنى بېرىشتىن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ يېشى، چۈشىنىش ئىقتىدارى ۋە پسىخىكىلىق قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغىمۇ قاراش، ماس كەلسە سۆزلەش، چۈشەندۈرۈش، ئەڭ ياخشىسى ئەمەلىي تۇرمۇشنى مىسال ئېلىپ سۆزلەش كېرەك.

ساختا گۈل چىرايلىق بولىدۇ، بىراق ئۇ خۇش پۇراق چاچالمايدۇ. گۈزەل نەرسىلەرنىڭ سۆيۈملۈك بولۇشى ناتايىن، بىراق سۆيۈملۈك نەرسىلەر چوقۇم گۈزەل بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# زىرەك بۆجەن ۋە بۆرە

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قونچاق توشقان، قونچاق بۆرە (ياكى مەن بۆرە دەپ ئويناۋەرسىمۇ بولىدۇ)

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالا بۆجەننىڭ رولىنى ئالىدۇ، ئانىسى توشقاننىڭ، دادىسى سۇر بۆرىنىڭ رولىنى ئالىدۇ.

2. ئانا توشقان سىرتقا چىقماقچى بولىدۇ، ھەم بۆجەنگە «مەن كېلىشتىن بۇرۇن ھەرقانداق ئادەمگە ئىشىكنى ئېچىپ بەرمەڭ» دەپ تاپىلايدۇ.



3. ئانا توشقان كەتكەندىن كېيىن بۆجەن ئۆيدە ئويۇنچۇقلىرىنى ئويناپ ئولتۇرىدۇ. بىردەمدىن كېيىن بىر بۆرە كېلىپ ئىشىكنى چېكىدۇ. سۇر بۆرە ھاسىراپ ئارانلا تۇرىدىغان موماينى دوراپ: «بۆجەن ئىشىكنى ئاچقىن، مەن بەك ئۇسساپ كەتتىم» دەيدۇ. بۆجەن ئاچمايدۇ.

4. بۆرە ئانا توشقاننىڭ ئاۋازىنى دوراپ ناخشا ئېيتىشقا باشلايدۇ:

ئوماق بۆجىنىم، ئىشىكنى ئاچقىن.
ئاناڭ كىرىدۇ، خۇشچىراي باققىن.

بۆجەن ئىشىكنى ئاچامدۇ دەپ ئىككىلىنىپ قالىدۇ ۋە ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن سىرتقا قارايدۇ. بىراق ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدۇ، بۇ چاغدا ھىيلىگەر بۆرە يوشۇرۇنۇۋالغان بولىدۇ. بۆجەن تازا ئىككىلىنىپ تۇرغاندا، ئانا توشقان قايتىپ كېلىپ بۆرىنى ھەيدىۋېتىدۇ.

# شەپقەت بىلەن زۇمرەت

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: «شەپقەت بىلەن زۇمرەت» دېگەن چۆچەك

ئويناش ئۇسۇلى

بالىسى زۇمرەتنىڭ رولىنى ئالىدۇ. ئانا زۇمرەتنىڭ ئۆگەي ئانىسىنىڭ رولىنى ئالىدۇ. دادىسى شەپقەتنىڭ رولىنى ئالىدۇ. زۇمرەت تولىمۇ ئىشچان بولۇپ، ھېلى ئۇ ئىشنى ھېلى بۇ ئىشنى قىلىدۇ. ئىشقىلىپ ئۆيدىكى چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قاراشلىق، ئەمما ئۆگەي ئانا ۋە ئاچىسى پەقەت زۇمرەتنىلا ئىشقا بۇيرۇيدۇ.

ئويۇننىڭ مۇھىم نۇقتىسى

بۇ ئويۇن ئارقىلىق بالىلارغا دۇنيادا يامان ئادەملەرنىڭمۇ بارلىقىنى، ھەممىلا ئادەمنىڭ ئۇلارغا كۆيۈنۈپ كەتمەيدىغانلىقى، چىن دىلدىن سۆيمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش مەقسەت قىلىنىدۇ.






ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرى بىلەن مۇشۇنداق ئويۇنلارنى كۆپرەك ئويناپ بېرىش ۋە ھېكايىنى تىياتىر شەكلىدە ئويناش ئارقىلىق، بالىلارغا دۇنيادا ھەر خىل ئادەملەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ھەربىر ئادەمنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئوي ـ خىيالى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئادەملەرنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى پەرقلەندۈرۈشتە سىرتقى قىياپىتىگىلا قاراشقا بولمايدۇ




كارل ۋېتىر كىچىك كارلغا دائىم چوڭ بالىلارمۇ ئاڭلاپ باقمىغان قائىدىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. بىراق كارل ۋېتىر ھەرگىزمۇ تېتىقسىز، كىشىنى بىزار قىلىدىغان قائىدىلەرنى سۆزلىمەيتتى. قائىدىلەرنى تولىمۇ ئەمەلىيەتچىل، چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى.

بىر كۈنى كىچىك كارل دادىسى بىلەن سودا سارىيىغا نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى باردۇ. ئۆيگە قايتىدىغان چاغدا كىچىك كارل شىلەپە كىيگەن، رەتلىك، پۇزۇر كىيىنىۋالغان، قارىماققا تولىمۇ ئېسىل كۆرۈنىدىغان بىر نەچچە كىشىگە قاراپ قالدۇ. بىراق كارل ۋېتىر بۇ ئادەملەرنىڭ لاغايلاپ يۈرىدىغان بىكار تەلەپلەر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

كارل ۋېتىر بالىسىنىڭ بۇ ئادەملەرگە قىزىقىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ: «بۇ ئادەملەرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ باقىن، بۇ زادى قانداق ئادەملەر؟» دەيدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي ھېلىقى (قارىماققا ئېسىلزادىلەردەك كۆرۈنىدىغان، قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بۆرىلەر) كىشىلەر ئۆز ماھىيىتىنى ئاشكارىلىدى. ئۇلار باشقىلار دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سودا - سارايغا تىزىپ قويۇلغان نەرسىلەرنى ئوغرىلىۋالاتتى، كىچىك كارل ئەجەبلەنگەن ھالدا: «دادا، بۇ ئادەملەر قارىماققا پۇلدار ئادەملەردەك كۆرۈنىدىكەن، بىراق نېمىشقا يەنە ئوغرىلىق قىلىدۇ؟» دەپ سورايدۇ.

كارل ۋېتىر كىچىك كارلغا: «بۇ دەل مەن ساڭا دائىم دەيدىغان ‹كىشىلەرگە سەگەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىل› دېگەن قائىدىنىڭ ئىسپاتى. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، كۆپىنچە ھاللاردا سېنىڭ كۆرگىنىڭ ساپ ۋە راست ئەمەس. سەن يەنىلا سەگەكلىك بىلەن ھەربىر نەرسىگە توغرا ھۆكۈم چىقىرىشىڭ كېرەك» دەيدۇ.




بالا تەربىيەلەشتە تۇرمۇش ھېكمەتلىرىنى ئىگىلەپ بولغان بىر قىسىم بالىلارغا تۇرمۇشتا سەلبىي تەرەپلەرنىڭمۇ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويساق خاتالاشمايمىز. چۈنكى بالىلارنىڭ يېشى كىچىك، تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە پسىخىكىلىق تەرەققىياتى تېخى تولۇق يېتىلمىگەنلىكتىن، ئاق - قارىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى ئاجىز، شۇڭا ئۇلار تاشقى ھادىسىلەر بىلەن ماھىيەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئېنىق بىلەلمەيدۇ.

ئاتا - ئانىلار سەلبىي ئىشلارنى سۆزلىگەن چاغدا، بالىلارغا بۇنداق قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، ئۆيدىكىلەر ياقتۇرمىغان ئىشنى باشقىلارنىڭمۇ ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا چوقۇم بۇنداق ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلەش كېرەك.






# سەت ئالما يېيىشلىك

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: سەت تاتلىق ئالما بىلەن قىپقىزىل تەمسىز ئالما

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار بالا بىلەن «ئالما سېتىۋېلىش» ھېكايىسىدە رول ئالىدۇ، ئاتا ـ ئانىلار ئالما ساتىدۇ.

2. بالا ئالما سېتىۋالغىلى كېلىدۇ. پەقەت ئاشۇ چىرايلىق، پارقىراق ئالمىلارنى سېتىۋالىدۇ، كۆرۈمسىز ئالمىلارغا قاراپمۇ قويمايدۇ.

3، ئاتا ـ ئانىلار بالىغا: «بۇ بىر دۆۋە ئالما سەت كۆرۈنسىمۇ، بىراق تاتلىق، بەك يېيىشلىك. ئاۋۇ بىر دۆۋە ئالما قىپقىزىل ھەم پارقىراق، بىراق بۇ تەرەپتىكى ئالمىلاردەك يېيىشلىك ئەمەس» دەيدۇ.

4. بالا ئالما ئېلىشتا ئىككىلىنىپ قېلىپ، قايسى ئالمىنى سېتىۋېلىشنى بىلەلمىگەندە، ئاتا ـ ئانىلار: «سىز ئىككى خىل ئالمىدىن ئازراقتىن سېتىۋالسىڭىز بولىدۇ، قايتىپ بېرىپ تېتىپ بېقىڭ، قايسىسى يېيىشلىك» دېسە بولىدۇ.

5. ئاتا ـ ئانىلار بالا بىلەن ئىككى خىل ئالمىنى تېتىپ باقىدۇ، بالا قايسى خىل ئالمىنىڭ يېيىشلىك ئىكەنلىكىنى باھالايدۇ. مۇشۇ ئارقىلىق سىرتقى كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولسىلا چوقۇم ياخشى دېمەسلىكنى، نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرۈشتە پەقەت سىرتقى قىياپىتىگىلا قارىماسلىقنى ئۆيتىپ بېرىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# پىلە قۇرتىنىڭ كېپىنەككە ئۆزگىرىشى

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

1. ئاتا ـ ئانىلار بالىنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، كېپىنەكنىڭ ئۇچۇشىنى كۆرسىتىپ، بالىنىڭ كېپىنەككە بولغان قىزىقىشىنى قوزغايدۇ.

2. ئاتا ـ ئانىلار بالىغا پىلە قۇرتىنىڭ قانداق قىلىپ كېپىنەككە ئايلانغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بالىلارغا كىتابتىكى رەسىمدىن سەت پىلە قۇرتىنىڭ قانداق قىلىپ چىرايلىق كېپىنەككە ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

3. بالىغا قۇرتنىڭ كۆرۈمسىز بولسىمۇ، قەلبى گۈزەل بولغاچقا، ھامان بىر كۈنى چىرايلىق كېپىنەككە ئايلىنالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

4. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا سىرتقى كۆرۈنۈشنىڭ چىرايلىق ياكى كۆرۈمسىز بولۇشنىڭ ئانچە مۇھىم ئەمەسلىكىنى، مۇھىمى گۈزەل قەلب بولۇش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.





كىچىك بالىلارنىڭ شەيئىلەرنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى چىرايلىق ـ سەتلىكىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى بولمايدۇ. پەقەت يۈزەكى ھالدا سىرتىغا قاراپ چىرايلىق ـ سەتلىكىنى ئايرىيدۇ. ئاتا ـ ئانىلار چۈشىنىشلىك مىساللار بىلەن بالىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، ئۇلارغا شەيئىلەرگە چوڭقۇر قاتلامدىن قاراشنى ئۆگىتىشى، يەنە ئويۇن ئويناش ياكى ھېكايە سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق، كۆرۈۋاتقىنىمىزنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەقىقىي بولۇشىنىڭ ناتايىن ئىكەنلىكىنى، كۆپ كۆزەتكەندە باشقىلارنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى كېرەك.



# باشقىلارغا ياردەم بەرگەندە ئوبيېكتنى ئېنىق چۈشىنىش كېرەك




كارل ۋېتىر دائىم ئوغلىغا «باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ئادەم بولۇش كېرەك» دەپ تەربىيە بېرەتتى، ئوغلىمۇ دادىسىنىڭ گېپىنى بەك ئاڭلايتتى، ھەمىشە قولىدىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياردەم بېرەتتى. بىر كۈنى كارل ۋېتىر ئوغلىنىڭ پارچە ـ پۇرات پۇللىرىنىڭ خېلىلا ئازىيىپ قالغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ قالايمىقان پۇل خەجلەيدىغان ئادىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەچكە، ئوغلىدىن ئويۇنچۇق سېتىۋالغان ـ سېتىۋالمىغانلىقىنى سورىدى. ئوغلى دادىسىغا پارچە پۇللىرىنى كېلەندى ئىسىملىك دوستىغا ئارىيەتكە بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ بۇ پۇللارنى قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئوغلى دادىسىغا چۈشەندۈرۈپ: «پەقەت پۇل ئۇتتۇۋالسىلا ئۇ ئىنى ـ سىڭىللىرىغا دەپتەر ـ قەلەم ۋە كىتاب ئېلىپ بېرىدىكەن. مەن قىمار ئويناشنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنى بىلىمەن، بىراق كېلەندى ھەقىقەتەن ئامالسىزلىقتىن مۇشۇنداق قىلغان» دېدى.

كارل ۋېتىر ئوغلىنىڭ بۇ خاتا ئويىنى دەرھال تۈزىتىش زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدى. «ئوغلۇم» دېدى كارل ۋېتىر ئىنتايىن كەسكىن ۋە ئەستايىدىل ھالدا: «بىلىشىڭ كېرەك، قىمار ئويناش ئىنتايىن يامان ئىش. كېلەندىنىڭ قىمار ئوينىشىغا پۇل ئارىيەت بەرگىنىڭ سېنىڭ قىمار ئوينىغىنىڭغا ئوخشاش. سەن ئۇنىڭ پۇلنى قايتۇرۇشىدىن ئۈمىد كۈتمە، چۈنكى ئۇ مەڭگۈ پۇل ئۇتالمايدۇ. مەيلى مەقسىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قىمار ئوينايدىغان ئادەم ياردەم قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ. قىمار ئارقىلىق پۇل تاپماقچى بولغان ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسىنى قۇتقۇزغىلى بولمايدۇ» دېدى.

كىچىك كارل دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئىككىلىنىپ: «دادا، سىز دائىم بىز باشقىلارغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك دەيتتىڭىزغۇ؟» دەپ سورىدى. كارل ۋېتىر: «باشقىلارغا ياردەم بېرىش ئەلۋەتتە ياخشى ئىش. بىراق بىز ياردەم بېرىدىغان ئادەم ياردەم بېرىشكە ئەرزىمدۇ ـ ئەرزىمەمدۇ، شۇنىڭغا قاراش كېرەك. باشقىلارغا ياردەم بېرىشنىڭ شەكلى كۆپ خىل، پەقەت پۇل بېرىشلا ئەمەس» دېدى.




«باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش» بىزگە كىچىكىمىزدىن تارتىپ بېرىلىدىغان تەربىيە، ھەم باللاردا بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ بىرى. قۇربىمىزنىڭ يېتىشىچە باشقىلارغا ياردەم بېرەلىسەك، مەدھىيەلەشكە، ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان ئىش بولىدۇ. ئەمما تۇرمۇشتا دائىم بەزى ئادەملەر باشقىلارغا ياردەم بەرگەندە، ئالدىنىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر ياردەم بېرىش ئەرزىمەيدۇ دەپ قارايدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار باللارنى كىچىكىدىن باشلاپ باشقىلارغا ياردەم بەرگەندە ئوبيېكتىپقا قاراش، ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەرزىمدۇ ـ ئەرزىمەمدۇ ئېنىق ئايرىش، باشقىلارغا ياردەم بەرگەندە ئۇلارنىڭ نېمىگە موھتاجلىقىنى بىلىش. باشقىلار تەرىپىدىن ئالدىنىپ ۋە پايدىلىنىپ كېتىشتىن ساقلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە تەربىيەلىشى زۆرۈر. ياخشى نىيەتلىك ئادەم بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك، ئەمما پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى بولۇش لازىم، نادانلارچە باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى تەشەببۇس قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com






## بۆرە

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

### ئويناش ئۇسۇلى

1. ئويۇن ئويناشقا كەم دېگەندە 3~ 4 بالا بولۇشى كېرەك. بىر بالا بۆرىنىڭ رولىنى ئالىدۇ، ئويۇن باشلانغاندا بالىلار تۆت تەرەپكە تارقىلىدۇ، بۆرە خالىغان بىر بالىنى قوغلايدۇ.

2. بۆرە بالىنى تۇتۇۋالاي دېگەندە دەرھال يەنە بىر بالىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئەسلىدىكى ئورنىدا تۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بۆرە بالىنى قوغلىمايدۇ، بۆرە كەتكەندىن كېيىن قول تۇتۇشۇۋالغان بالىلار قوللىرىنى قويۇۋېتىپ يەنە داۋاملىق قاچىدۇ، بۆرە قوغلايدۇ.

3. تۇتۇۋېلىنغان بالا مەيداننىڭ چېتىدە ساقلاپ تۇرىدۇ. بۆرە بالىلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، باشقا بالا بۆرىنىڭ رولىنى ئالسا بولىدۇ.

### ئويۇن قائىدىسى

بالىلار مەلۇم دائىرىنىڭ ئىچىدە ئوينايدۇ. بۆرە تۇتۇۋالغان بالىلار مەيداننىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدۇ، قول تۇتۇشۇۋالغان بالىلار ئەسلىدىكى جايىدا جىم تۇرىدۇ، قوللىرىنى قويۇۋەتكەندىلا ئاندىن قاچالايدۇ، قوللىرىنى تۇتۇپ دوستلىرىغا ياردەم قىلغان ۋاقىتتا ئىككى بالىدىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ.





# زادى كىمگە ياردەم بېرىش كېرەك

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قونچاق

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىغا بىر تال تەڭگە بېرىدۇ. ئانىسى بىلەن دادىسى ئايرىم - ئايرىم يول بويىدا تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان تىلەمچىنىڭ رولىنى ئالىدۇ.



2. دادىسى بولسا تۆت ئەزايى ساق، سالامەتلىكى ياخشى تىلەمچىنىڭ رولىنى، ئانىسى بولسا بالا كۆتۈرۈۋالغان، مېيىپ، خىزمەت تاپالماي، ئامالسىز تىلەمچىلىك قىلغان تىلەمچىنىڭ رولىنى ئالىدۇ.

3. بالا كەلگەندە ھەر ئىككىلىسى بالىغا: «ماڭا ئازراق پۇل بەرسىڭىز، ئۇزۇن بولدى تاماق يېمىدىم» دەيدۇ، ئەمما بالىنىڭ قولىدىكى پۇل پەقەت بىر ئادەمگىلا بېرىشكە يېتىدۇ.

4. بالىنىڭ پۇلنى كىمگە بېرىدىغىنىنى كۆرۈپ باقىدۇ، بالا پۇلنى تىلەمچىگە بەرگەندىن كېيىن ئويۇن ئاخىرلىشىدۇ.

5. ئاتا - ئانىلار بالىغا پۇلنى نېمە ئۈچۈن ئۇ تىلەمچىگە بەرگەنلىكىنى سۆزلىتىپ باقىدۇ ۋە قانداق ئادەمگە ياردەم قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىپ قويىدۇ.



كىچىك بالىلارنىڭ ھەممىسى ئاق كۆڭۈل بولىدۇ. بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپلا باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش، دېگەن تەربىيە بېرىلىدىغان بولغاچقا، باشقىلارغا قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بېرىدۇ. بۇ بىر ياخشى ئىش. بىراق ئاتا - ئانىلار بالىلارغا ھېچقانداق پرىنسىپسىز ياخشى ئادەم بولۇش تەربىيەسىنى بەرمەسلىك كېرەك. بالىلارنىڭ ھېچقانداق تۇرمۇش تەجرىبىسى يوق، ساددا. باشقىلارغا ياردەم بېرىش جەريانىدا ئالدىنىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىلار بالىلارغا تۇرمۇشتىكى ھەر خىل مىساللار ئارقىلىق قانداق ئادەملەرنىڭ ھەقىقىي ياردەمگە موھتاج ئىكەنلىكىنى، قانداق ئادەملەرنىڭ ياردەم قىلىشقا ئەرزىمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com



# هوقۇق ـ مەنپەئەتنى قوغداشنى ئۆگىنىش




كىچىك كارل ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغاچقا، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلەتتى. شۇڭا بەزى ۋاقىتلاردا باشقىلار ئۇنىڭدىن پايدىلىناتتى. گاللىي سەيىن بەك ھىيلىگەر ئادەم ئىدى. ئۇ كىچىك كارلنىڭ قىزغىن ھەم ساددىلىقىنى بىلگەچكە، كىچىك كارل بىلەن ئۇنىڭ بىرنەچچە دوستىنى تېپىپ، ئۇلاردىن باشقىلارغا ياردەم قىلىشقا ئەرزىگۇدەك بىر ئىش بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ قىلىشىنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىنى سورايدۇ. باللار خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. سەيىن ئۆزىگە ياردەملىشىپ بۇغداي يىغىشىپ بېرىشنى ئېيتىدۇ، باللار ئاق كۆڭۈل بولغاچقا، خۇشاللىق بىلەن قوشۇلىدۇ. بىراق گاللىي سەيىن بىلەن ئوغلى باللارنى ئىشقا بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئەمگەك قىلمايدۇ، ھەر كۈنى ئېتىزلىقتا بىكار يۈرىدۇ.

كارل ۋېتىر بۇنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇدۇل گاللىي سەيىننى ئىزدىمەي، كىچىك كارلغا بەزى قائىدىلەرنى چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ، ھەم كىچىك كارلغا ئۆزىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى قانداق قوغداشنى ئۆگىتىپ قويىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى كىچىك كارل ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى گاللىي سەيىننىڭكىگە ياردەملەشكىلى بارىدۇ. چۈش بولاي دېگەندە، ھاۋا تۇيۇقسىز تۇتۇلۇپ، يامغۇر يېغىشقا باشلاپ قالىدۇ. گاللىي سەيىن باللارغا دەرھال قۇرۇپ بولغان بۇغدايلارنى قاچىلاشنى بۇيرۇيدۇ، لېكىن باللار ئۇنىڭغا ياردەم قىلمايدۇ.

كىچىك كارل گاللىي سەيىننىڭ ئالدىغا كېلىپ، چوڭ ئادەملەردەك تەلەپپۇزدا: «گاللىي سەيىن ئەپەندى، سىز قىلغان ئەمگىكىمىزنىڭ ئىش ھەققىنى بەرسىڭىز، بىز سىزگە ياردەم قىلىمىز» دەيدۇ.

«نېمە؟» دەيدۇ گاللىي سەيىن ھەيرانلىق بىلەن، «سەن ئىش ھەققى ئالامسەن؟ بۇ پەقەت قاملاشمىدى، باشقىلارغا ياردەم بېرىش گۈزەل ئەخلاققۇ!» دەيدۇ.

«شۇنداق، باشقىلارغا ياردەم بېرىش بىر خىل گۈزەل ئەخلاق، بىراق سىزدەكلەرگە ياردەم قىلىشقا بولمايدۇ. بىز ماڭغايلى، قارىغاندا گاللىي سەيىن ئەپەندى ياردىمىمىزگە موھتاج ئەمەس ئىكەن» دەيدۇ كىچىك كارل.




باللارغا باشقىلارغا ياردەم بېرىشنىڭ خۇشاللىق ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ۋاقتىمىزدا، باشقىلارغا تاللاپ تۇرۇپ ياردەم بېرىشنىمۇ ئېيتىشنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. ئەگەر باشقىلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلسە، قايتۇرما زەربە بېرىشنى، ئۆزىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى قوغداشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. ئەلۋەتتە، قانداق بىر تەرەپ قىلىشتا سىزىق سىزىپ بەرگىلى بولمايدۇ. بالا ھامان چوڭ بولىدۇ، ئۆزىنىڭ ئەقلى ۋە ئالدىن كۆرەر پاراستى ئارقىلىق ماھىرلىق بىلەن جەمئىيەتكە يۈزلىنەلىشى بالىنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرالىشىنىڭ مۇھىم شەرتلىرىنىڭ بىرى.








# باشقىلارغا ئويۇنچۇق بېرىشنى رەت قىلىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئويۇنچۇق

1. كىچىك بالىلار بىللە ئويۇنغاندا، دائىم ئويۇنچۇقلارنى تالىشىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى ئىزچىل يول قويۇشقا زورلىماسلىقى كېرەك، يول قويۇۋەرسە ئاجىزلاشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ.

2. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا «خالىمىساڭ بېرىشنى رەت قىلساڭ بولىدۇ، ئويناپ بولالمىدىم، دە. ئوينىمىغان ۋاقتىڭدا بەرسەڭ بولىدۇ» دەپ تەربىيە بېرىش كېرەك.

3. ئەگەر باشقا بالىلارنىڭ بەك ئوينىغۇسى بولسا، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى ئۇ كىچىك دوستلار بىلەن ئويۇنچۇقلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئويناشقا يېتەكلىشى كېرەك، مەسىلەن: «ئايروپىلانىمنى ماشىنىڭىز بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئوينايلى» دېسە بولىدۇ.



4. ئەگەر قارشى تەرەپ بالىڭىز بىلەن ئالماشتۇرۇشنى خالىمىسا، ھەم بالىڭىزنىڭ باشقا ئوينايدىغان ئويۇنچۇقى بولمىسا، ياكى باشقا ئويۇنچۇقلارنى ئويناشنى خالىمىسا، ئۇنداقتا ئەڭ ياخشىسى ئۆزىنىڭ ئويۇنچۇقلىرىنى تەقدىم قىلدۇرۇۋەتمەڭ. بالىڭىز قارشى تەرەپنىڭ تەلىپىنى رەت قىلسۇن.

5. ئوخشاشلا، ئۆزىمىزنىڭ بالىسىنىڭ باشقىلارنىڭ ئويۇنچۇقىنى ئوينىغۇسى كەلسە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ياخشى ئويۇنچۇقنى قارشى تەرەپ بىلەن ئالماشتۇرۇشقا تەييارلاشنى، ئەگەر قارشى تەرەپ رەت قىلسا، ئاقىۋەتنى قوبۇل قىلىشنى ئۆگىتىشىڭىز كېرەك. چۈنكى ئويۇنچۇق باشقىلارنىڭ، باشقىلارنىڭ ئويۇنچۇقنى بەرمەسلىك ھوقۇقى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئويۇنچۇقنى قايتۇرۇپ بېرىك

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئويۇنچۇق

1. باللار سىرتتا ئويۇن ئوينىغاندا، باشقىلار بىلەن ئويۇنچۇق ئالماشتۇرۇپ ئويناش ياكى ئۆزىنىڭ ئويۇنچۇقنى باشقىلارغا ئوينىغىلى بېرىشنى بىلىش كېرەك.

2. ئۆيگە قايتىدىغاندا، باللار باشقىلاردىكى ئويۇنچۇقلىرىنى ئېلىپ كېلىشى كېرەك. باللارنى: «مەن ئۆيگە قايتىماقچى، ئويۇنچۇقۇمنى قايتۇرۇپ بېرىڭ» دېيىشكە ئۈندەش لازىم.

3. ئەگەر قارشى تەرەپ ئويۇنچۇقنى بالىڭىزغا بەرمىسە، ئامال بار بالىڭىز ئۆزى ئامال تاپسۇن. ئەمما قارشى تەرەپ بىلەن ئۇرۇشمىسۇن.





باشقىلارغا قانداق ياردەم بېرىشمۇ بىر خىل سەنئەت. باشقىلارغا ياردەم بەرگەندە، ئۆزىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشنى بىلىش، چامىنىڭ يېتىشىچە ئىش قىلىش، ئەڭ مۇھىمى ھالىغا بېقىپ ئىش قىلىش كېرەك. ئاتا - ئانىلار بالىلارغا ئەگەر باشقىلار ياردەم سوراپ كەلسە، دەرھال جاۋاب بەرمەسلىكنى، ئۆزىنىڭ قىلالايدىغان - قىلالمايدىغانلىقىنى ئويلاشنى، ئەگەر قىلالمىسا سەممىيلىك بىلەن سەۋەبىنى ئېيتىش ياكى سىلىق سۆزلەر بىلەن رەت قىلىشنى ئۆگىتىشى كېرەك. مەسىلەن: سىزگە چوكوپ كېتىۋاتقان ئادەمنى كۆرگەندە، سۇ ئۈزۈشنى بىلمىسە، يۇقىرى ئاۋازدا «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ توۋلاش ياكى ساقچىلارغا تېلېفون قىلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىش، قارىغۇلارچە ئادەم قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سۇغا چۈشۈپ ئۆزىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك كېرەك.

# 6 ـ بۆلەك

## پەزىلەت تەربىيەسى

### 4. بالىلارغا باشقىلار بىلەن قانداق سۆزلىشىشنى ئۆگىتىش

سۆزلىشىشمۇ بىر خىل سەنئەت، سۆزلىشىشنى بىلىش ـ بىلمەسلىك كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەممە ئادەم «كىچىك بالىنىڭ گېپىنى كۆڭلىگە ئالماسلىق كېرەك» دەيدۇ. گەرچە بالا بولسىمۇ، ئەمما گەپ ـ سۆزى جايىدا بولمىسا، يەنىلا باشقىلارغا ئازار بېرىدۇ، كىشىنى بىزار قىلىدۇ. ئەكسىچە راستچىل، ئەدەپلىك بولسا ھەممە ئادەم ئۇنى ياقتۇرىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# پوچتالىيون

ماس كېلىدىغان يېشى: **3 ~ 6 ياشقىچە**

كېرەكلىك نەرسىلەر: كىتاب ياكى كىيىمگە ئوخشاش بالىلار كۆتۈرەلەيدىغان نەرسىلەر

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىلار ئاتا ـ ئانىلار بىلەن تېز يوللانما تەييارلايدۇ ھەم ئورايدۇ.

2. بالىلار پوچتالىيون بولىدۇ، ئاتا ـ ئانا ئۆيدە ئولتۇرىدۇ. پوچتالىيون ۋېلسىپىتنى مىنىپ ئۆينى بىر ئايلىنىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يالغاندىن ئىشىك چېكىدۇ.

3. ئاتا ـ ئانىلار يالغاندىن «مۆشۈك كۆز»دىن سىرتقا قاراپ، «سىز كىمۇ؟» دەپ سورايدۇ، بالا: «مەن پوچتالىيون» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

4. ئاتا ـ ئانىلار «ئىشىك» نى ئاچىدۇ، بالا قولىدىكى «تېز يوللانما»نى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار قەستەن مالدىن چاتاق چىقىرىپ، «بۇ يېرى بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ، ئۇ يېرى مۇنداق بولۇپ قاپتۇ» دەيدۇ. بالا ئۇلارغا قايىل قىلغۇدەك جاۋاب تاپىدۇ.



بالىنى ئەدەبلىك، ئىش ئۇقىدىغان قىلىش ئۈچۈن بالىنى جەمئىيەت بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتۇرۇش، باشقىلار كۆپرەك ئالاقە قىلغۇزۇش كېرەك. بالا پەقەت باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىدىلا، ئۇلار بىلەن قانداق ئالاقە قىلىشنى ئۆگىنەلەيدۇ. قانچىكى كۆپ ئادەم بىلەن ئۇچراشسا، ئالاقە قېتىم سانى قانچە كۆپ بولسا، بالا باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بىلەلەيدۇ، ئاندىن ئەدەبلىك، قائىدىلىك، ئىش ئۇقىدىغان بالا بولىدۇ، ھەم باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ .



# گەپ ئورۇنلۇق بولۇشى كېرەك




بىر قېتىم كارل ۋېتىر قاتتىق زۇكامداپ قالدى. لېكىن ئامالسىزلىقتىن سىرتقا ئىش بېجىرگىلى چىقتى. يولدا ئۇ ئاندۇنادنىڭ خوتۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئاندۇنادنىڭ ئوغلى كارل ۋېتىرنى كۆرۈپ: «باستىر ئەپەندىم، يۈزىڭىز ئۆلگەن ئادەمنىڭ يۈزىگە ئوخشايدىكەن، يۈزىڭىز نېمانچە تاتىرىپ كەتكەن ـ ھە!» دېدى. بالىنىڭ گېپى سەل ئەدەپسىزلىككە ياتسىمۇ، لېكىن راست گەپ بولغاچقا، كارل ۋېتىرنىڭ ئاچچىقى كەلمىدى.

بىراق ئاندۇناد خانىمنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى ھەم غەزەپ بىلەن بالىنى بىر شاپىلاق ئۇرۇپ: «بارغانسېرى قاملاشماي قالدىڭ! ۋېتىر ئەپەندىگە ئۇنداق گەپ قىلساڭ قانداق بولىدۇ!» دېدى. بالا ئانىسىغا: «ئېيتقىنىم راست گەپ تۇرسا، نېمىشقا مېنى ئۇرىسىز؟» دېدى. ئاندۇناد خانىم ناھايىتى ئوڭايسىزلىنىپ، ئوغلىنى سۆرىگىنىچە كېتىپ قالدى.




ئاندۇنادنىڭ ئوغلىنىڭ گېپى ئادەمنى ھەقىقەتەن بىئارام قىلىدۇ ھەم ئاتا ـ ئانىلىرىنى ئوڭايسىزلاندۇرىدۇ، بىراق تۇرمۇشتا بۇنداق ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ بالا ئۇ گەپنى قەستەن دېمىدى، ئۇ شۇ يېشىدا ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى تېخىمۇ مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ.

نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بۇنداق ئەھۋالغا ئۇچرىغاندا، ئاندۇناد خانىمغا ئوخشاش ئوڭايسىزلىنىدۇ ۋە ئاچچىقلىنىدۇ. بالىسىنى تىللايدۇ، باشقىلاردىن كەچۈرۈم سورايدۇ، ئاندىن بالىنى يېتىلەپ كېتىپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق تەربىيە شەكلى ئىنتايىن خاتادۇر.

ئاغزىغا نېمە كەلسە شۇنى دەۋېرىش بالىلارنىڭ ئەڭ ئومۇمىي قىلىقلىرىنىڭ بىرى. بەزى ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ دېمەكچى بولغىنىنى تونۇشقا ئامالسىز. بۇنداق ئوڭايسىزلىنىدىغان ئىشلارنى ھەممە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ كېتەلىشى ناتايىن. بالىلىق مەزگىل بالىلارنىڭ تىلىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان، ھەرىكەت ئادىتىنى يېتىلدۈرىدىغان ھالقىلىق مەزگىل. ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ تىلى، ئادىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشى، ئۇلاردا كىچىكىدىن باشلاپ باشقىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك.




# ئەدەپلىك بالا

ماس كېلىدىغان يېشى: **10 ئايلىقتىن 6 ياشقىچە**

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئويۇنچۇق

ئويناش ئۇسۇلى

**1**. دادىسى بالىغا بالىسى ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنچۇقنى بېرىدۇ. بالا ئېلىۋاتقاندا، ئانىسى بالىسىغا: «رەھمەت» دېيىشنى ياكى سالام قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. ئەگەر بالا قىلالىسا، دەرھال ئۇنى سۆيۈپ مۇكاپاتلايدۇ.

**2**. دادىسى سىرتقا ماڭغاندا، بالىنىڭ قولىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۇنىڭغا «خوش» دېيىشنى ئۆگىتىش كېرەك.

**3**. مېھمان كەلگەندە، بالا چاۋاك چېلىپ قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك.

**4**. بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپ ئەدەپ ـ قائىدىنى ئۆگىتىش كېرەك. بۇنداق بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ گەپ قىلغاندا، ئىش قىلغاندا ئەدەپ ـ قائىدىنى بىلىدىغان بولىدۇ. بىراق بالا بەك كىچىك ۋاقتىدا بىر ھەپتىدە پەقەت بىر خىل ھەرىكەتنى ئۆگىتىشكە بولىدۇ. ھەرىكەت پۇتۇنلەي تۇراقلاشقاندىن كېيىن، يەنە بىر خىل ھەرىكەتنى ئۆگەتسە بولىدۇ.



# قونچاق ئاغرىپ قالدى

ماس كېلىدىغان يېشى: **2 ~ 6 ياشقىچە**

كېرەكلىك نەرسىلەر: **قونچاق، ئويۇنچۇق مېۋە**

ئويناش ئۇسۇلى

**1.** ئانا قونچاقنى بالىنىڭ كارىۋىتىدا قويۇپ، ئاندىن بالىغا: «قونچاق ئاغرىپ قالدى، بىز ئۇنى يوقلاپ كېلەيلى» دەيدۇ.



**2.** ئانا بالىنىڭ كېسەل يوقلىغاندا سوۋغات ئېلىۋېلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئانا بالىغا: «قوزام دېگىنە، بىز قونچاققا نېمە ئېلىۋالساق ياخشى بولىدۇ، ئۇ ئاغرىپ قالغاندا نېمە يېگۈسى كېلىدىغاندۇ؟» دەپ سورايدۇ.

**3.** ئانا بالىغا: «قوزام، بىز ئۇنى يوقلىغاندا نېمە دېيىشىمىز كېرەك؟» دەپ سەمىگە سالىدۇ.

**4.** بالىغا مېۋە سېۋىتىنى كۆتۈرگۈزۈپ، كارىۋات ئالدىغا كېلىدۇ، ئانا قونچاققا: «بالام بىلەن سىزنى كۆرگىلى كەلدۇق» دەيدۇ. ئاندىن بالىنى قونچاق بىلەن گەپلەشتۈرىدۇ. ئانا يېنىدا بالىغا نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى سەمىگە سالىدۇ، مەسىلەن: دورىڭىزنى ۋاقتىدا يەڭ، ئارام ئېلىشقا دىققەت قىلىڭ، دېگەندەك.



بالا تۈز كېلىدۇ، نېمىنى كۆرسە، نېمىنى ئويلىسا، شۇنى دەۋېرىدۇ. بالىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى ئاز بولىدۇ، لېكىن ھەممە نەرسىگە قىزىقىدۇ، بىلىۋالغۇسى كېلىدۇ. شۇڭا بالا راست، لېكىن دېسە بولمايدىغان سۆزلەرنى دەپ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار ئادەتتىكى چاغلاردا بالىغا قانداق سورۇندا قايسى گەپلەرنى قىلىشنى، قايسى گەپلەرنى قىلماسلىقنى، ئوخشىمىغان ئادەملەرگە قانداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشنى ئۆگىتىشى كېرەك.

# باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا كۆرسەتمەسلىك كېرەك




كارل ۋىتېرنىڭ نۇرغۇن بىلىملىك، كەڭ مەلۇماتلىق دوستلىرى بولۇپ، ئۇلار دائىم كارل ۋىتېرنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغاچ، كىچىك كارلغا ھېكايە سۆزلەپ بېرەتتى. كىچىك كارل بۇ ھېكايىلەردىن نۇرغۇن بىلىم ئالاتتى، شۇڭا كىچىك كارلمۇ بۇ مېھمانلارنىڭ يوقلاپ كېلىشىگە خۇشتار ئىدى. بىر قېتىم لىبېنىچ ئىسىملىك بىر ئەپەندى كىچىك كارلغا مۇزىكانت ھەققىدىكى بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى، ئۇ «گېرمانىيەدە نۇرغۇن ئۇلۇغ مۇزىكانتلار بار. مەسىلەن: شانباخ، بېتخوۋېن، يەنە پاگىنىني بار، ئۇلار ھەممىسى ئۇلۇغ ئادەملەر» دېدى.

لىبېنىچ ئەپەندىنىڭ گېپى تۈگىمەيلا، كىچىك كارل دەرھال خاتالىقىنى كۆرسىتىپ سۆزلەپلا كەتتى: «پاگىنىني گېرمانىيەلىك ئەمەس، لىبېنىچ ئەپەندى» كىچىك كارلنىڭ گېپى تۈگىمەيلا لىبېنىچنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ ئوڭايسىزلانغاندەك ھەم خاپا كۆرۈنەتتى. كارل ۋىتېر ئەپەندى كىچىك كارلغا ئەمدى گەپ قىلما دەپ كۆز ئىشارىتى قىلدى، بىراق كىچىك كارل دادىسىنىڭ ئىشارىتىنى چۈشەنمەي داۋاملىق: «پاگىنىني ئىتالىيەلىك، بۇنى ھەممىسى بىلىدۇ» دېدى. لىبېنىچ ئەپەندىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن: «ھە، قارىغاندا مېنىڭ گەپلىرىم ئارتۇقچىكەندە» دەپلا سىرتقا چىقىپ كەتتى.

لىبېنىچ ئەپەندى كەتكەندىن كېيىن، كارل ۋىتېر ئوغلىغا: «ئوغلۇم، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش ياخشى ئىش، بىراق ئۇسۇلغا دىققەت قىلىشىڭ كېرەك. ئەگەر سەن باشقىچە ئۇسۇلدا لىبېنىچ ئەپەندىگە خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولساڭ، بەلكىم ئۇ ئاچچىقلانماي، يەنە ساڭا رەھمەت ئېيتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداق بولغاندا ھەقىقەتتىمۇ چىڭ تۇرغىلى، لىبېنىچ ئەپەندىنىڭ ئابرۇيىنىمۇ ساقلىغىلى بولاتتى. ئوغلۇم، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشقىمۇ ئەقىل كېرەك» دېدى.




سىز يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بېرىپ باققانمۇ؟ نەتىجىسى قانداق بولغان؟ يۈزمۇ يۈز باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشنىڭ نەتىجىسى پەقەت ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى ئىككى تەرەپ تاكاللىشىدۇ ياكى ئۇرۇشىدۇ، يەنە بىرى قارشى تەرەپنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىدۇ، لېكىن گەپ قىلماي كېتىپ قالىدۇ. باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش تەس ئىش. دىققەت قىلمىسا قارشى تەرەپنىڭ غۇرۇرىغا ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىگە زەربە بولىدۇ، يەنە ئىككى تەرەپنىڭ ھېسسىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئەگەر باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچىز بولسا ئۇسۇلغا ۋە تەدبىرگە ئېتىبار بېرىڭ. ئەگەر باشقىلارنىڭ خاتالىقىدا پرىنسىپال مەسىلە بولمىسا، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تەسىر يەتكۈزمىسە، باشقىلارنىڭ ئالدىدا خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەسلىك كېرەك. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، مۇۋاپىق بىر پۇرسەت تېپىپ دېسە قارشى تەرەپمۇ چۈشىنىدۇ.

جىق ئادەمنىڭ ئالدىدا باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەسلىك كېرەك، بۇنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. ئەمما ئامال قىلىپ قارشى تەرەپكە خاتالىقىنى ئۆزىگە بايقاتسا بولىدۇ. قارشى تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىش جەريانىدا ئۆزىڭىزنىڭ كۆز قارىشىنى ئىپادىلەش، قارشى تەرەپكە ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇتۇش كېرەك.




# ياخشى دوست

ماس كېلىدىغان يېشى: **8 ئايدىن 6 ياشقىچە**

ئويناش ئۇسۇلى

**1**. ئاتا ـ ئانىلار باللارنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، تەڭ ياشتىكى باللار بىلەن بىللە ئوينىتىدۇ.

**2**. ئاتا ـ ئانىلار باللارغا باشقىلار بىلەن قانداق ئالاقە قىلىشنى ئۆگىتىشى كېرەك. مەسىلەن: بۇرادەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش، باشقىلار ئويۇنغا قېتىلغاندا، يېڭى ھەمراھى بىلەن سالاملىشىش ياكى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش، خوشلىشىدىغاندا، قول پۇلاڭلىتىپ، خوشلاشقانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك.

**3**. ئاتا ـ ئانىلار باللارغا ئويۇن جەريانىدا باشقىلار بىلەن مەدەنىي، ئەدەپلىك ئارىلىشىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىش كېرەك.



www.uyghurkitap.com

# ئاتاشنى ئۆگىنىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: شەخسلەر كارتىسى

ئويناش ئۇسۇلى

1. شەخسلەر كارتىسى تەييارلاپ، كارتىدىكى شەخسلەرنى كۆرسىتىپ، بالىلار نېمە دەپ ئاتايدىغانلىقنى دېيىش، مەسىلەن: تاغا، ھەدە، ئاچا، بوۋا، موما قاتارلىقلار.

2. كارتىدىكى شەخسلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، بالىلاردىن «بۇ كىم؟» دەپ سورايدۇ، بالىلار جاۋاب بېرىدۇ.

3. ئاتا ـ ئانىلار ئاتاقنى دەيدۇ، بالا ماس كېلىدىغان رەسىمنى تاپىدۇ.

4. ئۆيگە مېھمان كەلگەندە بالىلارغا باشقىلارنى ئەدەپلىك چاقىرىشنى ئۆگىتىش، بالا خاتالاشسا، ئاتا ـ ئانىلار ۋاقتىدا تۈزىتىش كېرەك.



بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ خاتالىقنى سىپايىلىك بىلەن كۆرسىتىپ بېرىشنى ئۆگىتىش ئىنتايىن قىيىن ئىش. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بىلدۈرمەي تەسىر كۆرسىتىشىگە تايىنىمىز. بالىلىق مەزگىلىدىكى بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەدەنىي، ئەدەپلىك سۆزلەرنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىش بۇ مەزگىلدىكى ئاساسلىق ۋەزىپە، ئەدەپلىك سۆزلەرنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىش بالىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە پائالىيىتىنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ بالىلارنىڭ كەلگۈسىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت ئالاقىسىدە زور پايدىسى بار.



# باشقىلارنى ماختاشنى ئۆگىنىۋېلىش




كىچىك كارلنىڭ نۇرغۇن كىچىك دوستلىرى بار ئىدى. ئاللېي شۇ دوستلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بىر قېتىم كىچىك كارل بىر قورغان سالماقچى بولدى، ئەمما ئۇ ئۆزى يالغۇز سالالمىغاچقا، ئاللېيدىن ياردەم سورىدى. لېكىن ئاللېي ئېھتىياتسىزلىقتىن سېلىپ بولغان قىسمىنى بۇزۇۋەتتى. كىچىك كارلنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئاللېينى «كالانپاي» دەپ تىللىدى، ئاللېي ئازابلانغىنىچە كېتىپ قالدى. كارل ۋېتىر بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن، كىچىك كارلغا: «ئەتە قورغان ياسىغاندا ئاللېي قىلىپ باقسۇن، سەن ئۇنىڭ قانداق ياسايدىغانلىقىنى كۆرۈپ باق» دېدى. ئەتىسى كىچىك كارل ئاللېينى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى ھەم ئۇنىڭ بىلەن يەنە قورغان ياسىدى. كىچىك كارل پات -پات ئاللېينى «ياخشى قىلىۋاتىسەن» دەپ ماختاپ قويدى. ئاللېيمۇ تونۇگۈنكىگە ئوخشاش كالانپايلىق قىلماي، قورغاننى تېز پۈتكۈزۈۋەتتى. ئىشتىن كېيىن كىچىك كارل دادىسىغا: «ئويلىماپتىمەن، مەن ئۇنى بىر نەچچە ئېغىز ماختاپ قويسام، ئۇ باشقا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى، ئۇ ھەقىقەتەن قالتىس ياسىدى» دېدى. كارل ۋېتىر كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «ئوغلۇم، مۇنداق بىر پرىنسىپنى بىلىۋال، ھەرقانداق ئادەم باشقىلارنىڭ ئىلھامىغا ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە موھتاج» دېدى.




باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشسە ئادەم ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ھېس قىلىدۇ. دەل ۋاقتىدا بېرىلگەن ماختاش ۋە ئىلھام ئۇلارغا بولغان ھۆرمەت بولۇپلا قالماي، يەنە بىر قوزغاتقۇچ كۈچ. بالا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا بالىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ ئۇلارنى ئۆزىگە ئىشىنىدىغان قىلىدۇ، ھەم ياخشى يۆنىلىشتە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. بالىلارغا باشقىلارغا قانداق ئىلھام بېرىش ۋە باشقىلارنى قانداق ماختاشنى ئۆگىتىش بالىلارنىڭ كىشىلىك ئالاقىسىدىكى مۇھىم دەرسلەرنىڭ بىرى. بالا باشقىلارنى ماختاشنى ئۆگىنىۋالسا، تېخىمۇ كۆپ ئادەملەرنىڭ ياخشى كۆرۈشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشەلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com








# كەپ ئاڭلايدىغان بالا

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كىچىك سوۋغا

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار بالا بىلەن بىر پىلان تۈزىدۇ، مەسىلەن: كۆپچىلىك بىرلىكتە ئۆي ئىشىنى قىلىش، ئۆزى ئويۇنچۇقلىرىنى يىغىشتۇرۇش ياكى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىر ئىشتىن تەك بەھرىلىنىش.

2. بالا يۇقىرىقىدەك مەلۇم بىر ئىشنى قىلىۋاتقاندا، مەسىلەن: ئۆزى ئويۇنچۇقلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا ياكى ئاتا ـ ئانىسىغا بىر «ياخشى ئىش» نى دەپ بېرىۋاتقاندا، ئاتا ـ ئانىلار دەرھال ئىلھام بەرسە ياكى ماختىسا، بالىنىڭ ئىجابىي ھەرىكىتىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

3. بالىنىڭ توغرا ھەرىكىتىنى دەل ۋاقتىدا ماختىغاندا، ئۇنىڭ ئاڭ ۋە پائالىيىتىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار دائىم ماختاش ۋە ئىلھام بېرىش ئارقىلىق بالىلارغا باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەتسە بولىدۇ.



# باشقىلارنى ماختىيالايدىغان بولۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى



1. ھەممە ئادەم باشقىلارنى ماختاشنى ئۆگىنىۋېلىشى، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بايقاشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك.

2. ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ كۆپلىگەن ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە «ياسىغان قەلئەيىڭ بەك چىرايلىق بوپتۇ» دەپ ماختىسا بولىدۇ.

3. بالكوندىكى گۈللەر ئېچىلغاندا، بالا: «بوۋام ئۆستۈرگەن گۈللەر بەك چىرايلىقكەنغۇ!» دەپ ماختىسا بولىدۇ.

4. بىر ئېغىز ئاددىي مەدھىيە سۆزىمۇ كىشىنى بەك خۇشال قىلىدۇ. ئەگەر ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ھەر ۋاقىت باشقىلارنى ماختاشقا ئادەتلەنسە، ئۇنداقتا ئائىلە كەيپىياتى ئىنتايىن ئىناق، ئىللىق بولۇپ، بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولىدۇ.



بالىغا باشقىلارغا ئىلھام بېرىش ۋە ماختاشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلار ئاۋۋال ئۆزىنىڭ بالىسىنى ماختاش ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش كېرەك. بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالىمۇ باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىدا ئاسانلا باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بايقاپ، ئاتا - ئانىسىغا ئوخشاش باشقىلارغا ئىلھام بېرىدىغان ۋە ماختايدىغان بولىدۇ. بالىنىڭ ئالاقە ئىقتىدارى، بالىلار ئارىسىدىكى دوستلۇق كۈچىيىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 6 - بۆلەك

## پەزىلەت تەربىيەسى

### 5. باللارغا سىنىەتدار بولۇشنى ئۆگىتىش كېرەك

سىنىەتدار بولۇشنى بىلىش تۇرمۇشنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنىلا كۆرۈش كىشىدە ئاغرىنىش ھېسسىياتى پەيدا قىلىدۇ. كىچىك باللارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. بىراق بىز بۇ دۇنياغا سىنىەتدارلىققا تولغان قەلب بىلەن مۇئامىلە قىلالىساق، دۇنيانىڭ ھەقىقەتەن گۈزەللىكىنى بايقايمىز.



# ھېسداشلىقنى بىلىش تولىمۇ مۇھىم




بىر كۈنى كىچىك كارل ئۆيىدە يالغۇز قالدى، ئۇ بېقىۋاتقان كۈچۈكنى ھويلىغا باغلاپ قويدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، يامغۇر يېغىپ كەتتى، بىراق كىچىك كارل كۈچۈكنى ئۆيگە ئەكىرمىدى. كۈچۈك سىرتتا قاۋاپ كەتتى. مۇزدەك يامغۇر ئۇنى توڭلىتىۋەتكەنىدى. بۇ چاغدا كىچىك كارلنىڭ ئاپىسى قايتىپ كېلىپ، كۈچۈكنى ئۆيگە قايتۇرۇپ ئەكىردى. ئۇ كىچىك كارلدىن: «نېمىشقا كۈچۈكنى يامغۇردا قويۇپ قويدۇڭ؟» دەپ سورىدى. ئوغلى پەرۋاسىزلىق بىلەن: «ئۇنتۇپ قاپتىمەن» دېدى. ئانىسى ئۇنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن يەنە: «كۈچۈكنىڭ قاۋىغىنىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. كىچىك كارل ئۆزىنى ئاقلاپ: «كۈچۈك سىرتتا قالسا ھېچنېمە بولمايدۇ» دېدى.

ئانىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «ھېچنېمە بولمايدۇ؟ مۇشۇ يامغۇردا سىرتتا بىردەم تۇرۇشنى خالامسەن؟» دېدى. «خالىمايمەن» دېدى كىچىك كارل. «سەن خالىمايسەنۇ، نېمىشقا كۈچۈكنى يامغۇردا قويدۇڭ؟ قارا، ھاۋا شۇنچە سوغۇق تۇرسا، كۈچۈك ئاغرىپ قالامدۇ. ناۋادا بىرسى سېنى يامغۇردا قويۇپ، ئاغرىتىپ قويسا، مەن قانچىلىك ئازابلىناتتىم!» دېدى ئاپىسى.

كىچىك كارل ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇدى ھەم بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم دىققەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.




ھېسداشلىق قىلىشنى بىلىدىغان بالىلار تېخىمۇ ئاسان دوست تۇتالايدۇ، باشقىلارمۇ بۇنداق بالىلارنى ئاسان ياقتۇرىدۇ. بالىلارغا ھېسداشلىق قىلىشنى ئۆگىتىشنى كىچىكىدىن باشلاش، تۇرمۇشتىكى ئەڭ كىچىك ئىشلاردىن باشلاش كېرەك. بالىلار مەيلى كىچىك ھايۋان، كىچىك ئۆسۈملۈك بولسۇن، ياكى كىچىك دوست، بوۋاي - مومايلار بولسۇن، ھەممىسىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان بىر گۈزەل قەلب بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com








# لاتا قونچاق يىقىلىپ چۈشتى

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: لاتا قونچاق

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار بالا بىلەن بىردىن لاتا قونچاق ئېلىپ ئوينايدۇ، رول ئېلىش ھەر خىل شەكىلدە بولسا بولىۋېرىدۇ.

2. ئويۇن جەريانىدا، ئاتا ـ ئانىلار قولىدىكى لاتا قونچاقنى ئېھتىياتسىزلىقتىن (قەستەن) تاشلىۋېتىدۇ ھەم «ۋايجان بەك ئاغرىپ كەتتى» دېگەچ، بالىنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىدۇ.

3. بالا «بىر يېرىڭىز ئاغرىدىمۇ، سىزنى يۆلەپ قوياي!» دېگەندە، ئاتا ـ ئانىلار دەرھال بالىنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ۋە ئىلھام بېرىدۇ؛ ئەگەر بالىدا ھېچقانداق ئىنكاس بولمىسا، ئاتا ـ ئانىلار بالىغا: «كىچىك دوست يىقىلىپ كەتتى، ئۇنى دەرھال يۆلەپ قويۇشىڭىز كېرەك» دەپ يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.



# بېلىجان بېقىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: بېلىق قاچىسى، سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ، بىر نەچچە تال بېلىجان

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار بالا بىلەن بېلىجاننىڭ «ئۆي»نى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

2. ئاتا ـ ئانىلار بالىنى سۇ مەھسۇلاتلىرى دۇكىنىغا ئېلىپ بېرىپ، بىر نەچچە تال بېلىق سېتىۋالىدۇ.

3. بېلىق بېقىشتا ئىدىشتىكى سۇنى چوقۇم ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇش، بېلىجانلارغا ۋاقتىدا يەم بېرىش، بېلىق ئىدىشىنى يۇيۇش كېرەك. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇشۇ ئۇسۇللارنى بالىلارغا تەپسىلىي ئۆگىتىش كېرەك.

4. بېلىق بېقىش جەريانىدا بېلىجانلار سۇغا ماسلىشالماي ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئاتا ـ ئانىلار بۇ پۇرسەتتە بالىلارغا تەبىئەتنىڭ ھايات ـ مامات قانۇنىيىتىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك.



www.uyghurkitap.com



# كىيىم ئىئانە قىلىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: بالىنىڭ كىيىمى، ئويۇنچۇق قاتارلىقلار

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار تېلېۋىزور، گېزىتلەردىن پايدىلىنىپ، بىر قىسىم نامرات رايون ياكى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارنىڭ رەسىمى ۋە خەۋەرلىرىنى بالىغا كۆرسىتىپ، ئۇ يەردىكى كىچىك دوستلارنىڭ كىيىمى، يەيدىغان تامىقى، ئوينايدىغان ئويۇنچۇقى يوقلۇقىنى ئېيتىپ، بالىلاردىن ئۇلارغا ياردەم قىلىشنىڭ زۆرۈر ياكى ئەمەسلىكىنى سورايدۇ.



2. بالىلار «نېمىشقا ئۇ يەردىكى بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇلارغا ئېلىپ بەرمەيدۇ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن، ئاتا ـ ئانىلار سەۋرچانلىق بىلەن بالىلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشى، ئېنىق چۈشەندۈرۈشى ھەم كىچىك دوستلارغا قانداق ياردەم بېرىشكە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

3. بالىلارغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ كىيىمى، ئويۇنچۇقىنى باشقىلارغا بېرىش تەس ئىش. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا ھېسداشلىق قىلىشنى ئۆگىتىشى، ئاندىن بۇ كىيىم ۋە ئويۇنچۇقلارغا ئاشۇ كىچىك دوستلارنىڭ ئىنتايىن ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشى كېرەك.

بالىنى ئىئانە قىلىشقا قاتناشتۇرۇش جەريانىدا، ئۇنىڭغا باشقىلارغا ياردەم بېرىشنىڭ خۇشاللىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا نامرات رايوندىكى بالىلارغا خەت يېزىشمۇ، بالىلارنى ناھايىتى خۇشال قىلىدۇ.



ئاتا ـ ئانىلار بالىغا «سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق» قاتارلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، بالىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاش كېرەك. بالىغا گۈل ـ گىياھ ئۆستۈرگۈزۈپ، كىچىك ئەرمەك ھايۋانلارنى باققۇزۇش ئارقىلىقمۇ ھېسداشلىق قىلىشنى ئۆگەتكىلى بولىدۇ.



# توقۇنۇشنى بىر تەرەپ قىلىش




كىچىك كارلنىڭ ھامما ئاچىسى ئوغلى ھېنرىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە يوقلاپ كەلدى. ھېنرى كىچىك كارلدىن ئىككى ياش چوڭ بولۇپ، بىلىملىك بالا ئىدى. ئىككىسى بىرگە ئويناپ، تېزلا ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدى.

ئىككىسىنىڭ بىللە تۇرغان ۋاقتى ئۇزارغانچە، زىددىيەت كۆرۈلۈشكە باشلىدى، دەسلەپتە چىداپ تۇرۇپ يول قويۇشتى، كېيىن تاكاللىشىپ قالدى، ئاخىرىدا ئۇرۇشۇپ كەتتى.

بىر كۈنى كىچىك كارل بىلەن ھېنرى دوختۇرخانىدا ئۇرۇشۇپ كەتتى. چوڭلار دەرھال بېرىپ ئۇلارنى ئاجرىتىۋېتىپ، سەۋەبىنى سورىدى. ئۇلار بىر تارىخىي ۋەقەنى تالىشىپ قېلىپ، بىر-بىرىنى قايىل قىلالماي، ئۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. چوڭلارنىڭ چۈشەندۈرۈشى ۋە پەند-نەسىھەتى قىلىشى بىلەن كىچىك كارل بىلەن ھېنرى ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇدى، ئۇرۇشۇشنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە ئاۋۋالقىدەكلا ئەپلىشىپ قالدى.




بالا دوستلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش جەريانىدا، توقۇنۇش ۋە ئىختىلاپ يۈز بېرىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا ئاتا-ئانىسىنىڭ پوزىتسىيەسى ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى ناھايىتى مۇھىم. شۇڭا بالىنىڭ ئۇرۇشۇش قىلمىشىغا ئالدىراپ يەكۈن چىقارماسلىق لازىم.

باللار ئۇرۇشۇپ قالغاندا، ئاتا-ئانىلار ئاۋۋال باللارنىڭ ئۇرۇشۇش سەۋەبىنى ئېنىقلاش، ئاندىن ھەل قىلىش ئامالىنى ئىزدەش لازىم. ئەمەلىيەتتە باللارنىڭ ئالاقىلىشىش جەريانىدىكى ئۇرۇشۇشى ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ ئالاقىدىكى ماسلىشىش ۋە زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ بىر خىل ۋاسىتىسى. بالا بۇ خىل زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش جەريانىدا، ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىدا قانداق چىڭ تۇرۇشنى، باشقىلار بىلەن قانداق رىقابەتلىشىشنى، بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قانداق تەڭشەشنى ئۆگىنىۋالىدۇ، يەنە سەۋر-تاقەت ۋە يول قويۇشنى، ئۆزىنى لايىقىدا نامايان قىلىشنى ئۆگىنىدۇ.

شۇڭا باللار ئالاقە جەريانىدا تاكاللىشىپ ياكى ئۇرۇشۇپ قالسا، بەك ئېغىر بولمىسىلا، ئاتا-ئانىلار كۆپ ئارىلاشماسلىقى، باللار ئۆزى ھەل قىلىشى كېرەك. ئەگەر باللار قاتتىق ئۇرۇشۇپ قالسا، ئاتا-ئانىلار ئۇلارنى چەكلىشى، باللارنىڭ زەخىملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، ئاندىن سەۋەبىنى سورىشى، ئۇلارنىڭ زىددىيەتنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com






# دوستلۇق ناخشىسى

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. بىر نەچچە كىچىك دوست چەمبەر شەكلىدە تىزىلىدۇ، ھەربىرىنىڭ ئارىسىدا يېرىم بىلەك ئارىلىق قويۇش كېرەك.

2. باللار ناخشىسى ئوقۇلىدۇ:

كېلىڭلار دوستلار كېلىڭلار،

ئوڭ قولىڭىزنى ئاسمانغا، ئالدىغا، كەينىگە،

چەمبەر بولۇپ تىزىلايلى، كېلىڭلار دوستلار كېلىڭلار،

بەدىنىمىزنى تولغايلى، ئوڭغا، سولغا، چەمبەر بولۇپ ئولتۇرايلى.

3. كىچىك دوستلار ناخشىنى بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ھەرىكىتىنى ئىشلەيدۇ. پۇت ـ قول ھەرىكىتى ئىشلىنىدىغانلىقتىن، ئويۇن جەريانىدا كىچىك دوستلار ئۆز ئارا ئۇرۇلۇپ كېتىپ، جېدەللىشىپ قېلىشى مۇمكىن، جېدەل ئېغىر بولمىسىلا، ئاتا ـ ئانا ئارىلاشماسلىقى، كىچىك دوستلار مەسلىنى ئۆزى ھەل قىلىشنى ئۆگىنىشى لازىم.



# پاس بېرىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: رېزىنكە توپ

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئويۇننى ئالتە ياكى سەككىز (جۈپ بولۇش كېرەك) كىچىك دوست ئوينايدۇ، بۇ بىر نەچچە كىچىك دوست ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ، ئاتا ـ ئانىلار يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

2. ھەربىر گۇرۇپپىدىكى كىچىك دوستلار ئايرىم چەمبەر شەكلىدە ئۆرە تۇرىدۇ، ھەربىر گۇرۇپپىدىكى كىچىك دوستلار توپنى چەمبەر ئىچىدە پاس بېرىپ تۆت قېتىم ئېلىشىدۇ، توپ يەرگە چۈشۈپ كەتسە بولمايدۇ، ئەگەر يەرگە چۈشۈپ كەتسە پاس بېرىشنى قايتىدىن باشلاش كېرەك.

3. ئاۋۋال ۋەزىپىنى تاماملاپ بولغان گۇرۇپپىدىكى كىچىك دوستلار بىرلا ۋاقىتتا «تاماملاپ بولدۇق» دەپ ۋارقىرايدۇ.

4. ئاۋۋال ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولغان كىچىك دوستلار يەنە ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولالمىغان ھېلىقى گۇرۇپپىغا «غەيرەت قىل» دەپ مەدەت بېرىشى كېرەك.



www.uyghurkitap.com

# كۆچ ئۇلاپ يۇگۇرۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: **3 ~ 6 ياشقىچە**

كېرەكلىك نەرسىلەر: **بىر نەچچە تال تۇماق**

ئويناش ئۇسۇلى

**1. ئاتا ـ ئانىلار بىر كەڭ جاينى تېپىپ، تاق، جۈپ سان بويىچە كىچىك دوستلارنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، ئىككى قاتار قىلىپ تىزىدۇ.**

**2. ھەربىر قاتارنىڭ ئالدىدىكى ئادەم يەردىن بىر تال كۆچ ئۇلاپ يۇگۇرۇش كالتەكنى ئېلىپ كەينىدىكى ئادەمگە بېرىدۇ، ئىككىنچى ئادەم ئالغاندىن كېيىن دەرھال كەينىدىكى ئۈچىنچى ئادەمگە بېرىدۇ، تەرتىپ بويىچە داۋاملىشىدۇ.**



**3. بىرىنچى ئادەم كۆچ ئۇلاپ يۇگۇرۇش كالتەكنى ئىككىنچى ئادەمگە يەتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، دەرھال ئىككىنچى كۆچ ئۇلاپ يۇگۇرۇش كالتەكنى ئېلىپ، ئوخشاش تەرتىپ بويىچە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، بەش تال كۆچ ئۇلاپ يۇگۇرۇش كالتەكنى يەتكۈزۈپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن، قاتارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى ئادەم ئەڭ ئاخىرقى كۆچ ئۇلاپ يۇگۇرۇش كالتەكنى ئېلىپ ئاخىرقى نۇقتىغا يۇگۇرىدۇ.**

**4. ئەڭ ئاۋۋال ئاخىرقى نۇقتىغا يۇگۇرۇپ بارغان گۇرۇپپا غەلىبە قىلغان بولىدۇ، يەتكۈزۈپ بەرگەندە كۆچ ئۇلاپ يۇگۇرۇش كالتەكنى چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ، چۈشۈرۈپ قويسا بىرىنچى ئادەم قايتىدىن قولدىن ـ قولغا بېرىدۇ.**



ئويۇن بالىلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى. ئويۇن جەريانىدا بالىلار ئاسانلا قىزىرىشىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى بالىنى ئۆيگە قاماپ قويۇپ، باشقىلار بىلەن ئوينىغىلى قويماسلىق ئەمەس، بەلكى ئۇنى كوللېكتىپ ئويۇنلارغا ئاكتىپ قاتناشتۇرۇش. بالا كوللېكتىپ ئويۇندا باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى، يولۇققان زىددىيەتلەرنى قانداق ھەل قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. بالىلارغا كۆپىنچە ھاللاردا پەقەت كۆپچىلىكنىڭ كۈچىگە تايانغاندىلا ئاندىن ۋەزىپىنى ئورۇنلىغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش، بالىلاردا قەدەممۇ قەدەم ئىتتىپاقلىق روھى يېتىلدۈرۈش كېرەك.



# ھەممە ئادەمنىڭ ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ




كىچىك كارل بىر مەزگىل باشقىلارنى كەلسە ـ كەلمەس تەنقىدلەيدىغان بولۇۋالغانىدى. چۈنكى ئۇ باشقىلارنى ئۆزىگە يەتمەيدۇ دەپ قارايتتى. بىر قېتىم ئۇ ئىككى قىزنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغىنىنى كۆرۈپ: «بۇ ھەرىكەت توغرا ئەمەس، ئاۋۇ قىياپەت خاتا» دېدى. بۇ ۋاقىتتا قىزلار ئۇنىڭغا: «ئەمىسە سەن ئويناپ باقە» دېدى. كىچىك كارل تۈزۈت قىلمايلا ئويناپ كەتتى. ئۇ ئوغۇل بالا بولغاچقا، قىزلارغا ئوخشاش ئۇنچىۋالا نازلىق ئوينىيالمىدى، شۇنىڭ بىلەن قىزلار ئۇنىڭ ئۇسۇلىنى «قوپال» دېدى. كىچىك كارل قىزلار بىلەن قاتتىق مۇنازىرىلىشىپ كەتتى، ئۇ ئوغۇل بالا بولغاچقا ئاۋازى تەبىئىيلا قىزلارنىڭكىدىن چوڭ، كۈچلۈك چىقاتتى. قىزلار ئامال يوق توختاپ قېلىشتى.




بىز باشقىلارنىڭ قىلغانلىرىدىن قانداق ھۇزۇرلىنىشنى ئۆگىنىۋالغاندا، ئاندىن ئۆزىمىزنى چوڭ تۇتمايدىغان بولىمىز. باللاردا ماختانچاقلىق، تاكاللىشىشتەك يامان ئىللەتلەر ئاسانلا پەيدا بولۇپ قالىدۇ، بىراق باشقىلارنىڭكىدىن قانداق ھۇزۇرلىنىشنى ئۆگىنىشى تەس. بۇ جەھەتتە ئاتا ـ ئانىلار بالىنى كۆپرەك يېتەكلىشى كېرەك. باللارغا كەڭ قورساقلىق، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش، باشقىلارنى ھۆرمەتلەش ۋە چۈشىنىش، كۆڭۈل بۆلۈش، ئاسراشنى ئۆگىتىپ، ئاستا ـ ئاستا باشقىلاردىن ھۇزۇرلىنىشنى ئۆگىتىش كېرەك.








# دوستۇم بەك قالتىس

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار بالىغا: «ياخشى دوست ھەققىدە پاراڭلىشايلى، سىزنىڭ قانچە ياخشى دوستىڭىز بار؟» دەيدۇ. ئەگەر بالا دوستلۇقنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىسە، «سىز بىللە ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم كىم؟» دەپ چۈشەندۈرسە بولىدۇ.

2. ئاتا ـ ئانىلار ئاۋۋال بالىغا: «مېنىڭ ياخشى دوستۇم پالانى، ئۇنىڭ ئۇزۇن چېچى بار، مەن ئۇنىڭ ناخشىسىنى ياخشى كۆرىمەن» دېسە بولىدۇ.



3. ئاتا ـ ئانىلار بالىدىن: «كىم بىلەن ئويناشنى ئەڭ ياخشى كۆرىسىز، نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن ئويناشنى ياخشى كۆرىسىز، ئۇنىڭ باشقىلار ياخشى كۆرىدىغان قانداق يەرلىرى بار؟» دېگەنلەرنى سوراپ، سۆزلەشكە يېتەكلىشى كېرەك.

4. يۇقىرىقىدەك ئۇسۇللار ئارقىلىق قانداق دوست بولۇش، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن قانداق زوق ئېلىشنى ئۆگەتسە بولىدۇ.

# باشقىلارنىڭكىنى كۆرۈش

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالا بىر سەنئەتنى ئۆگىنىشنى باشلىغاندا، ئاۋۋال بالىنى ئېلىپ ئۇنىڭدىن چوڭراق بالىلارنىڭ ئەسىرىنى كۆرۈشكە ئاپىرىش، مەسىلەن: ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ سىزغان رەسىمنى، ئوينىغان ئۇسسۇلىنى كۆرسىتىش.



2. بالا كۆرۈۋاتقاندا ئاتا ـ ئانىلار بالىغا ئىنچىكە كۆزىتىشنى ئېيتىش، ھەم بالىنى باشقىلارنىڭ ئەسىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن زوق ئېلىشقا ئۈندەش.

3. ئەگەر بالا باشقىلارنىڭ ئەسىرى ھەققىدە تەسىراتقا ئىگە بولالمىسا ياكى ئىپادىلەپ بېرەلمىسە، ئاتا ـ ئانىلار بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كونكرېت كۆرسىتىپ بەرسە بولىدۇ، بالىغا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نۇرغۇن مەشىقلەر ئارقىلىق، ئاندىن ھازىرقى نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىنى دېيىش كېرەك.

4. ئاتا ـ ئانىلار مۇشۇ پۇرسەتتە: «ئۇلارنىڭ قالتىسلىقىغا قاراڭ، پەقەت تىرىشسىڭىز، ئەستايىدىل ئۆگەنسىڭىزلا، سىزمۇ ئۇلارغا ئوخشاش قالتىس بولالايسىز» دەپ ئىلھام بېرىش كېرەك.



ھازىرقى ئائىلىلەردە بىر ياكى ئىككىلا بالا بار، شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا بالىغا زىيادە ئامراقلىق قىلىدۇ. بۇ خىل ئامراقلىق ئىچىدە چوڭ بولغان بالا تەبىئىيلا ئۆزىنى ئەڭ مۇنەۋۋەر، باشقىلارنى ئۆزىگە يەتمەيدۇ دەپ قارايدۇ. بالىلارنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشى ياخشى ئىش، بىراق ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىش بالىلارنى مەنمەنچى قىلىپ قويىدۇ. نېمە ئىش قىلسۇن باشقىلار مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتەلمەسلىكى كېرەك دەپ قارايدۇ. ناۋادا بىرەر ئىشتا باشقىلارغا يېتەلمىسە ياكى مۇسابىقىدە بىرىنچى بولالمىسا، خاپا بولىدۇ، ئاچچىقلايدۇ، يەنە باشقىلار بىلەن تاكاللىشىدۇ. بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بالىلارغا باشقىلاردىن قانداق زوق ئېلىشنى، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قانداق بايقاشنى ئۆگىتىش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# باشقىلارغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈش كېرەك




كىچىك كارلنىڭ تالانتىنى ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مېرسىبۇرگ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى فولەنز بىلگەندىن كېيىن، ئۇ نۇرغۇن ئىناۋەتلىك، مەرتىۋىسى يۇقىرى ئەپەندىلەرگە كىچىك كارلنى تونۇشتۇردى. شۇڭا كارل ۋىتىر ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتماقچى بولدى. بىرنەچچە ئاۋۋال كارل ۋىتىر ئوغلىدىن: «سىزچە فولەنز ئەپەندىگە قانداق سوۋغا تەييارلىساق بولار؟» دەپ سورىدى.

كىچىك كارل ئەجەبلەنگەن ھالدا دادىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن سوۋغا ئېلىۋالىمىز؟» دەپ سورىدى. كارل ۋىتىر ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ: «سوۋغا بېرىش باشقىلارغا ھۆرمىتىنى بىلدۈرگەنلىك، ئۇ مىننەتدارلىقنى بىلدۈرۈشنىڭ بىر خىل شەكلى» دەپ جاۋاب بەردى.

كىچىك كارل دادىسىغا: «دادا، بۇنداق قىلساق چاكىنىلىق بولمامدۇ؟ مەن نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ بولغان، چوڭ ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەم ئۇششاق ئىشلار بىلەن بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. پەقەت ئىقتىدارى يوق ئادەملەرلا باشقىلارنى مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلىپ سوۋغا بېرىدۇ. مېنىڭچە، بىز مىننەتدارلىقىمىزنى ئىچىمىزدە بىلسەك كېرەك، ئاندىن ئەڭ ياخشى مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بولىدۇ» دېدى. كارل ۋىتىر مۇنداق دېدى: «ياق ئوغلۇم، بۇ ئويۇڭ پۈتۈنلەي خاتا. بۇنداق قىلساق، باشقىلارنى نەزەرگە ئالمىغان بولىمىز. فولەنز ئەپەندى ئېغىر ئالمىغان بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسى بار، ئېھتىمال ئۇنىڭ خانىمى ياكى ئوغلى بىزنىڭ نېمە ئەكەلگەنلىكىمىزگە قارىشى مۇمكىن. ئادەملەر مۇرەككەپ بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇ مۇناسىۋەتلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالمىساڭ، كەلگۈسىدە ھەممىلا يەردە دەككىگىنى يەيسەن.»

كىچىك كارل گەرچە ئاتىسىنىڭ گېپىنى پۈتۈنلەي چۈشەنمىسىمۇ، بىراق ئۇ يەنىلا ئاتىسىنىڭ دېگىنى بويىچە فولەنز ئەپەندىگە سوۋغا تەييارلىدى. فولەنز ئەپەندى سوۋغىنى تاپشۇرۇۋالغاندا بەك خۇشال بولدى. ئۇ كىچىك كارلغا: «ھەقىقەتەن ئويلاپمۇ باقماپتىمەن، بىزنىڭ كىچىك كارل كاتتا بىلىم ئىگىسى بولۇپلا قالماي، يەنە تۇرمۇش ئىشلىرىغىمۇ پىششىق ئىكەن. چوڭ بولغاندىن كېيىن چوقۇم زور ئۇتۇق قازىنىسىز» دېدى.




بالىغا مىننەتدار بولۇش، رازى بولۇشنى ئۆگىتىپلا قالماي، يەنە مىننەتدارلىقنى بىلدۈرۈشنىمۇ ئۆگىتىش كېرەك. باشقىلارنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمىگە ئېرىشكەندە، بىر ئېغىز رەھمەت سۆزىنىلا دەپ قويماستىن، يەنە باشقىلارغا سوۋغا بېرىش ئارقىلىقمۇ رەھمىتىنى بىلدۈرگىلى بولىدۇ. باشقىلارغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈشنى بىلىش ئادەم بولۇشتىكى ئەڭ ئەقەللىي ساۋات، رەھمىتىنى بىلدۈرۈشنى بىلگەن ئادەم، تېخىمۇ كۆپ دوستقا ئېرىشەلەيدۇ.








# سوۋغا تەقدىم قىلىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار مومىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى يېتىپ كېلىش ئالدىدا، بالا بىلەن تاللا بازىرىغا بېرىپ مومىسىغا سوۋغا تاللايدۇ.




2. ئاتا ـ ئانىلار بالىغا: «مومىڭىز ھەر كۈنى ئۆيدە تاماق ئېتىپ، جاپا تارتتى، مومىڭىزغا رەھمەت ئېيتىشىمىز كېرەك، مومىڭىزغا سوۋغا بېرىشىڭىز كېرەكمۇ ـ ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ.

3. بالا ئادەتتە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنچۇق ياكى ئۇششاق ـ چۈششەك يېمەكلىكنى سوۋغا قىلىپ تاللايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانىلار بالىنى يېتەكلىشى، سوۋغا تاللىغاندا قارشى تەرەپ ياخشى كۆرىدىغاننى تاللاش كېرەكلىكىنى، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغاننى تاللىسا بولمايدىغانلىقىنى، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشى ناتايىن ئىكەنلىكىنى دېيىش لازىم.

4. بالا بىلەن بىرلىكتە مۇۋاپىق سوۋغا تاللىنىدۇ، ھەم بالىغا بەخت تىلەش سۆزلىرى ئۆگىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# كۆپرەك رەھمەت ئېيتىش كېرەك

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: بالىنىڭ كىيىمى، سوپۇن

ئويناش ئۇسۇلى



1. بالا ئانىسى بىلەن ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدۇ. ئانىسى بالىنى بىر نەرسە ئېلىپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ.

2. ئانىسى بالىسىغا: «كىيىمىڭىزنى ئەكېلىپ بېرەلەمسىز؟» دەيدۇ. بالا كىيىمنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئانىسى ماختاپ: «رەھمەت» دەيدۇ.

3. ئانىسى بالىنى يەنە سوپۇننى ئەكېلىپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ، ئاندىن يەنە: «رەھمەت» دەيدۇ.

4. ئانىسى كىيىمنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، بالىغا: «ئەمدى ماڭا رەھمەت دەڭ» دەيدۇ. بالا ئانىسىغا «رەھمەت» دەيدۇ.

5. ئاتا ـ ئانىلار «رەھمەت» دېگەن سۆز ئارقىلىق بالىنى ماختاش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا «رەھمەت» دېيىشنى بالىنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.



بالا مىننەتدار بولۇشنى بىلگەندىلا، ئاندىن ھەقىقىي مىننەتدارلىقنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىدۇ. بالىغا مىننەتدارلىقنى دەل ۋاقتىدا ئىپادىلەشنى ئۆگىتىش بالىنىڭ ئالاقە ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، تېخىمۇ كۆپ دوست تۇتۇپ ئالاقە قىلىشىغا پايدىلىق. بالىغا شۇنى بىلدۈرۈش كېرەككى، تۇرمۇشتا مەيلى ئاتا ـ ئانىسى بولسۇن، بوۋا ـ مومىسى بولسۇن، تونۇمايدىغان تاغا ـ ھەدىلەر بولسۇن، ياكى بىللە ئوينايدىغان ھەمراھلىرى بولسۇن، پەقەت باشقىلار سىزگە ياردەم قىلسىلا، دەل ۋاقتىدا مىننەتدارلىقىڭىزنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارغا رەھمەت دېيىشىڭىز كېرەك.

1814 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كارل ۋېتىرنىڭ بىر قوللۇق تەربىيەلەپ چىققان ئوغلى كىچىك كارل پەلسەپە پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالدى. بۇ ئۇنىڭ ئەمدى 14 ياشقا كىرگەن ۋاقتى ئىدى. يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن، قانۇن پەنلىرى دوكتورى بولدى. كىچىك كارل ھازىرغىچە «دۇنيا جىننىس رېكورتى قامۇسى» دىكى «ئەڭ ياش دوكتور» رېكورتىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.

كارل ۋېتىر ئوغلى كىچىك كارلنى تەربىيەلەش ئۇسۇلىنى رەتلەپ «كارل ۋېتىرنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقىدۇ. ئىككى يۈز يىلدىن بېرى، بۇ كىتابنىڭ تەسىرىدە نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىسى قىلىپ تەربىيەلەپ چىقتى. بۇلاردىن سىدىس، ۋېنېربار، ۋېينىفورد قاتارلىق دۇنياغا داڭلىق تالانت ئىگىلىرى، جۇڭگودا ھەممە ئادەم بىلىدىغان خارۋارد قىزى لىيۇ يىتىڭ بار.

بۇ كىتاب «كارل ۋېتىرنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى» دېگەن بۇ داڭلىق ئەسەرنىڭ ئىدىيەسىنى ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلارغا ئەڭ ئاسان يول بىلەن چۈشەندۈرىدۇ، شۇنداقلا ھەربىر بۆلەكتىكى ئىنچىكىلىك بىلەن لايىھەلەنگەن قىزىقارلىق ئويۇنلار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىسىنى تەربىيەلىشىنى زور دەرىجىدە ئاسانلاشتۇرىدۇ.

بۇ كىتاب ئائىلە مائارىپىنى ئاساس قىلغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن ئويۇنلاردا 6 ياشقىچە ماس كېلىدۇ، دېيىلدى، لېكىن كۆپ قىسىم ئويۇنلار 12 ياش، ھەتتا ئۇنىڭدىن چوڭلارغىمۇ ماس كېلىدۇ.

بۇ كىتاب سىزنىڭ بالىڭىز بىلەن ئويۇن ئويناپ، بالىڭىزنى خۇشاللىق ۋە ئازادىلىك ئىچىدە تالانت ئىگىسى قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشىڭىزدا ياخشى ھەمراھىڭىز بولۇپ قالغۇسى.